# ئىزدىنىش

(تاللانما)

4 1998

# ئىزدىنىش

(تاللانما)

1998-يىل 4-سان
(ئومۇمىي 118-سان)

(ئايلىق ژۇرنال)

**ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى باشچىلىقىدا نەشر قىلىنىغان «ئىزدىنىش»نىڭ 1998-يىللىق 3-، 4-سانلىرىدىن تاللاپ تەرجىمە قىلىندى**


## مۇندەرىجە


**دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى چوڭقۇر ئۆگىنەيلى**
—يولداش دېڭ شياۋپىڭ ۋاپاتىنىڭ بىر يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن
**................................................................ جياڭ زېمىن(2)**

**دۆلەتنى پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇپ، ئەسىر ھالقىشنىڭ شانلىق نەتىجىلىرىنى يارىتايلى ........................ سۇڭ جيەن(7)**

**تەكرار قۇرۇلۇش قىلىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش توغرىسىدىكى تەكشۈرۈش دوكلاتى**
**................ جۇڭگو سودا-سانائەت بانكىسى تەتقىقات تېمىسى گۇرۇپپىسى(21)**

تۈپ خاراكتېرلىك بىر سىياسىي مەسىلە
—يولداش جياڭ زېمىننىڭ پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى بايانلىرىنى ئۆگىنىشتىن تەسىرات ........................ **جۇ گۈيبۈي، خاۋ جيەنگو، جاڭ گۈيسېن(31)**

ئاساسىي قاتلام دېموكراتىك سىياسەت قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتەيلى
**.............................................. دۇڭ لىشېڭ، جەن چېڭفۇ(40)**


**★4-ئاينىڭ 5-كۈنى نەشردىن چىقتى★**


نەشىر قىلغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ، پوچتا نومۇرى: 100013
مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: CN11–2498
تىزغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى ئېلېكترونلۇق مەتبە سىستېمىسى
باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى
باش تارقىتىش ئورنى: بېيجىڭ گېزىت-ژۇرنال تارقىتىش ئىدارىسى
ژۇرنالغا يېزىلىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار
پارچە سېتىش ۋە ۋەكالىتەن سېتىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار ۋە شىنخۇا كىتابخانىلىرى
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى (بېيجىڭ «399»-خەت ساندۇقى)

# دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى چوڭقۇر ئۆگىنەيلى

## —يولداش دېڭ شياۋپىڭ ۋاپاتىنىڭ بىر يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن

جياڭ زېمىن

بۇ يىل 2-ئاينىڭ 19-كۈنى يولداش دېڭ شياۋپىڭ ۋاپات بولغانلىقىغا بىر يىل بولىدۇ. بىر يىلدىن بۇيان، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى بۇ ئەسىرىمىزدىكى بۈيۈك شەخسنى، ئېلىمىز ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ باش لايىھىلىگۈچىسىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىدەك زور ھەسرەت بىلەن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا، ئۇ ئاچقان جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىنى بويلاپ چوڭ قەدەم بىلەن داۋاملىق ئىلگىرىلىدى. بىز ئۇتۇقلۇق ھالدا شياڭگاڭنى قايتۇرۇۋالدۇق، غەلىبىلىك ھالدا پارتىيىنىڭ 15-قۇرۇلتىيىنى ئېچىۋالدۇق، ئىقتىساد، سىياسەت، پەن-تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، ھەربىي ئىشلار، دىپلوماتىيە قاتارلىق تەرەپلەردە بىر قاتار يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردۇق، دانىشمەن ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇنىڭ ئىشلىرىنى كېيىنكىلەر داۋاملاشتۇرۇشى لازىم. يولداش دېڭ شياۋپىڭغا شۇنداق دەپ تەسەللىي بېرەلەيمىزكى، گەرچە سىز بىزدىن ئايرىلىپ كېتىپ قالغان بولسىڭىزمۇ، سىزنىڭ نەزەرىيىڭىزدە چىڭ تۇرۇش، سىز ياراتقان ئىشلارغا ۋارىسلىق قىلىش ئىرادىمىز تېخىمۇ مۇستەھكەملەندى، بۇ ئىرادىمىزدىن قەتئىي قايتمايمىز.

1998-يىل 15-قۇرۇلتاي روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرىدىغان بىرىنچى يىل. 15-قۇرۇلتاي روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن نۇرغۇن خىزمەتلەرنى قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، ئالدى بىلەن دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ياخشى ئۆگىنىش لازىم. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈش، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى پارتىيىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى

قىلىپ بېكىتىش 15-قۇرۇلتايى ئوتتۇرىغا قويغان ئەڭ مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك تەدبىر، بۇ جۇڭگوچە سوتسىيا-
لىزم قۇرۇش ئىشلىرىنى 21-ئەسىرنى نىشانلاپ ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىشنىڭ تۈپ كاپالىتى. پارتىيە
مەركىزىي كومىتېتى پۈتۈن پارتىيىدە ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى، بولۇپمۇ دېڭ شياۋپىڭ
نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش يېڭى دولقۇنى قوزغاشنى قارار قىلدى. پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك كادىرلىرى،
بولۇپمۇ يېڭىدىن رەھبەرلىك ئورنىغا چىققان يولداشلار ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇ-
شىنى ئىلگىرى سۈرۈشتەك تارىخىي مۇھىم ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان، ئۆزىنىڭ بۇرچىنى ھەر زامان
ئونتۇماسلىقى، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ مۇھىم تاپشۇرۇقىنى ھەر زامان ئۇنتۇماسلىقى، ئۆزىنىڭ ساپاسىنى، بولۇپمۇ
ماركسىزم نەزەرىيە ساپاسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈشى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش جەھەتتە ئۈلگە
كۆرسىتىشى لازىم.

دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشتە ئالدى بىلەن يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئەسەرلىرىنى ئەستايى-
دىل، سىستېمىلىق ئوقۇپ چىقىش لازىم، بۇنىدىن باشقا يەنە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇ-
مىي يىغىنىدىن بۇيانقى پارتىيىنىڭ مۇھىم ھۆججەتلىرىنى، ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىنلارنىڭ بىر
قىسىم مۇھىم ئەسەرلىرىنى ۋە يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇش لازىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆگىنىشنى
پىرىم يولدا تاشلاپ قويماي، ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇش لازىم؛ يۈزەكىلا ئۆگىنىپ قويۇپ بولدى قىلماي،
چىداملىق بىلەن ئۆگىنىش لازىم.

يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆگەنگەندە، ئۇنىڭ بەزى بايانلىرى ۋە سۆز-ئىبارىلىرىنى
بىلىپ قويۇش بىلەنلا قانائەتلەنمەي، ھەقىقىي چۈشىنىش ۋە ئۆزلەشتۈرۈۋېلىش لازىم. دېڭ شياۋپىڭ
نەزەرىيىسىنىڭ ئىلمىي سىستېمىسىنى ئىگەللەش ۋە ئۇنىڭ روھىي ماھىيىتىنى چۈشىنىشكە كۈچ سەرپ
قىلىش، بولۇپمۇ ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش دېگەن بۇ دېڭ شياۋپىڭ
نەزەرىيىسىنىڭ جەۋھىرىنى توغرىلىق چۈشىنىش لازىم. ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن
ئىزدەش ئەينى ۋاقىتتا ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭمۇ جەۋھىرى. مۇشۇ جەۋھەرگە تايىنىش
ۋە ئۇنى تەتبىقلاش ئارقىسىدىلا، ماركسىزم بەرپا بولغان ۋە تەرەققىي قىلغان، لېنىنىزم بەرپا بولغان ۋە
تەرەققىي قىلغان، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بەرپا بولغان ۋە تەرەققىي قىلغان.
مۇشۇ جەۋھەرگە تايىنىش ۋە ئۇنى تەتبىقلاش ئارقىسىدىلا، ئەۋلادمۇئەۋلاد ماركسىزمچىلار سوتسىيالىزم
ئىشلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان ۋە تەرەققىي قىلدۇرىدىغان تارىخىي مۇساپىدە ھەم ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق
قىلىش، ھەم كونا قائىدىلەرنى بۇزۇپ تاشلاش، ھەم ھەر خىل خاتا خاھىشلارنىڭ توسالغۇسىنى سۈپۈرۈپ
تاشلاش، ھەم ھەر خىل سەۋەنلىكلەردىن ساۋاق ئېلىش يولىنى تۇتۇپ، ئۈزلۈكسىز تۈردە يېڭى مەسىلىلەرنى
ھەل قىلىپ، يېڭى مەنزىل ئېچىپ، يېڭى سەكرەشنى ئەمەلگە ئاشۇردى. مۇشۇ جەۋھەرنى ئىگەللىگەنلىك
ماركسىزمنىڭ ئەڭ ماھىيەتلىك نەرسىسىنى ئىگەللىگەنلىكتۇر، ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى

ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ تارىخىي باغلىنىشى ۋە ئۇلارنىڭ بىرلىككە كەلگەن ئىلمىي ئىدىيىۋى سىستېمىسىنى ئىگەللىگەنلىكتۇر. يولداش دېڭ شياۋپىڭ ماركسىزمنىڭ ئاساسىي پرىنسىپىنى ئاساس قىلىپ، جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتۇپ، دەۋر ئالاھىدىلىكىگە بىرلەشتۈرۈپ، "سوتسىيالىزم دېگەن نېمە، سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش كېرەك" دېگەن بۇ ئەڭ مۇھىم تۈپ مەسىلىنى چۆرىدىگەن ھالدا، بىر قاتار يېڭى يەكۈنلەرنى چىقىرىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى شەكىللەندۈردى، پۈتۈن پارتىيىگە ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىگە يېتەكچىلىك قىلىپ سوتسىيالىزم ئىشلىرىنى يېڭى بىر باسقۇچقا كۆتۈردى. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ مەسىلىنى تەھلىل قىلىش، ھەل قىلىشتىكى بۇ خىل ماركسىزملىق مەيدانى، نۇقتىئىنەزىرى ۋە ئۇسۇلى، ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، ئىشلىرىمىزنىڭ ۋە دەۋرنىڭ تەرەققىيات تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بۇ خىل يېڭىلىق يارىتىش روھى بىزنىڭ تازا ئەستايىدىل ئۆگىنىشىمىزگە ۋە تىرىشىپ ئىگەللىشىمىزگە ئەرزىيدۇ.

دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگەنگەندە، چوقۇم ئۆگەنگەننى ئىشلىتىش لازىم. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى خەلقئارادىكى ۋە دۆلەت ئىچىدىكى ئەمەلىيەتكە، ئۆز رايونى، ئۆز ئورنىنىڭ ئەمەلىيىتىگە باغلاپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى تەتبىقلاش ئارقىلىق ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىش، ئەمەلىي خىزمەتتىكى زور مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش لازىم.

نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈش-بىرلەشتۈرمەسلىك ئۆگىنىش ئىستىلى مەسىلىسى بولۇپلا قالماي، بەلكى بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنىڭ گۈللىنىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك سىياسىي مەسىلە. يولداش ماۋ زېدۇڭ يەنئەندىكى ئىستىل تۈزىتىش ۋاقتىدىلا نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئوبرازلىق قىلىپ "ئوق" بىلەن "نىشان"نىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشاتقان. ئۇ، جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ماركسىزمدىن ئىبارەت بۇ "ئوق"نى ئىزدىشى جۇڭگو ئىنقىلابىدىن ئىبارەت بۇ "نىشان"غا ئېتىش ئۈچۈن، دەپ تەكىتلەپ كۆرسەتكەن. ئۇ، جۇڭگو ئىنقىلابىي ئەمەلىيىتىنىڭ ئېھتىياجىدىن ئايرىلىپ تۇرۇپ قۇرۇق نەزەرىيە سۆزلەش قىلچە ئەھمىيەتكە ئىگە بولمايلا قالماي، بەلكى ئىنتايىن زىيانلىقتۇر، دەپ كۆرسەتكەن. يولداش دېڭ شياۋپىڭمۇ نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتتىن ئايرىۋېتىشكە بولمايدىغانلىقىنى قايتا-قايتا ئاگاھلاندۇرغان. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: پەقەت جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈلگەن ماركسىزملا بىز ئېھتىياجلىق بولغان ھەقىقىي ماركسىزمدۇر. دۆلىتىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئەمەلىيىتى دېگەن نېمە؟ ئۇ بولسىمۇ بىز ھازىر قۇرۇۋاتقان جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدۇر، ھازىر يۈرگۈزۈۋاتقان ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدۇر. بۇ ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان نەزەرىيە توغرا نەزەرىيە ئەمەس، ئۇ بىز ئۈچۈن لازىمى يوق نەزەرىيە بولىدۇ. شۇڭلاشقا، مەن 15-قۇرۇلتاي دوكلاتىدا نەزەرىيە ئۆگىنىشتە ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى، ھازىر ئىشلەۋاتقان ئىشلىرىمىزنى مەركەز قىلىش، ماركسىزملىق نەزەرىيىنى تەتبىق قىلىشنى كۆزدە تۇتۇش، ئەمەلىي مەسىلە ئۈستىدە نەزەرىيە جەھەتتىن

پىكىر يۈرگۈزۈشنى كۆزدە تۇتۇش، يېڭى ئەمەلىيەتنى ۋە يېڭى تەرەققىياتنى كۆزدە تۇتۇش كېرەكلىكىنى تەكىتلىدىم. مەن ئىلگىرى، نەزەرىيىدە پىشىپ يېتىلىش سىياسىي جەھەتتە پىشىپ يېتىلىشنىڭ ئاساسى، دەپ ئېيتقانىدىم. ھازىر يەنە ئېيتىمەنكى، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى ياخشى بىرلەشتۈرۈش-بىرلەشتۈرەلمەسلىك نەزەرىيە جەھەتتە ۋە سىياسىي جەھەتتە پىشىپ يېتىلگەن-يېتىلمىگەنلىكىنىڭ بىر بەلگىسى.

دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشتە، ھەم ئۇنىڭ ئاساسىي ئۇقتىئىنەزەرلىرىدە چىڭ تۇرۇش، ھەم ئەمەلىيەت ئارقىلىق ئۇنى داۋاملىق بېيىتىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش لازىم، مانا بۇ ماركسىزملىق ئىلمىي پوزىتسىيە. لېنىن ماركسىزمغا مۇئامىلە قىلغاندا، ماۋ زېدۇڭ ماركسىزم-لېنىنىزمغا مۇئامىلە قىلغاندا، دېڭ شياۋپىڭ ماركسىزم-لېنىنىزمغا، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىگە مۇئامىلە قىلغاندا ئەنە شۇنداق پوزىتسىيىنى تۇتقان.

ماركسىزم تەرەققىي قىلىدىغان ئىلىم. ئۇ ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 40-يىللىرىدا مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، ھازىرغىچە بىر يېرىم ئەسىر بولۇپ قالدى. يۈز نەچچە يىلدىن بۇيان دۇنيادا ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. ئەۋلادمۇئەۋلاد ماركسىزمچىلار دەۋرنىڭ تەرەققىياتىنى ۋە ئۆز دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ، ئىجادچانلىق پوزىتسىيىسى بىلەن ماركسىزمغا مۇئامىلە قىلغانلىقتىن، ئۇنىڭ زور تەسىرىنى ۋە تولۇپ تاشقان ھاياتىي كۈچىنى ساقلاپ قالدى. نەزەرىيە دېگەن نېمە؟ نەزەرىيە ئەمەلىيەت ئۈستىدىن چىقىرىلغان يەكۈندۇر. بارلىق ئىلمىي نەزەرىيە ھەمىشە ئەمەلىيەتتىن كەلگەن بولىدۇ ۋە يەنە ئەمەلىيەتكە قايتىپ، ئەمەلىيەتنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتىدۇ، ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەمەلىيەت جەريانىدا ئۆزىنى بېيىتىدۇ ۋە راۋاجلاندۇرىدۇ. ماركسىزم-لېنىنىزم مۇشۇنداق، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى مۇشۇنداق، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىمۇ مۇشۇنداق.

پارتىيىمىز ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىدىن ئىبارەت بۇ قىممەتلىك مەنىۋى بايلىققا ئېرىشكەندىن كېيىن، ھازىر يەنە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىدىن ئىبارەت بۇ قىممەتلىك مەنىۋى بايلىققا ئېرىشتى، بۇ خۇشاللىنارلىق ئىش. بارلىق كومپارتىيە ئەزالىرى چوڭقۇر بۇنى ئىنتايىن قەدىرلىشى لازىم. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشى داۋاملىق ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلىدىغان بۈيۈك ئىش. يولداش دېڭ شياۋپىڭ بىز ئۈچۈن ئىلگىرىلەش يۆنىلىشنى كۆرسىتىپ بەردى، تەرەققىيات ئاساسىنى سېلىپ بەردى، ئەمما بۇنىڭدىن كېيىن بۇ يولدا كونكرېت قانداق مېڭىشىمىزغا كەلسەك، بۇنىڭدا ئۆزىمىزنىڭ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئەمەلىيەت داۋامىدا داۋاملىق ئىزدىنىپ، داۋاملىق يول ئېچىپ، يېڭى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، يېڭى قاراشلانى تىكلىشىمىزگە تايىنىشقا توغا كېلىدۇ، مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئاچقان جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشىغا ئىجادچانلىق بىلەن ۋارىسلىق قىلالايمىز، ھەم دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئىجادچانلىق بىلەن راۋاجلاندۇرالايمىز. مانا بۇ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىگە مۇئامىلە قىلىشتىكى توغرا پوزىتسىيە، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭمۇ بىزدىن ئۈمىد قىلىدىغىنى مۇشۇ. مەن 15-قۇرۇلتاي دوكلاتىدىكى

خاتىمدە تەكىتلەپ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: ”دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىدە چىڭ تۇرۇش، بۇ نەزەرىيىنى مەزمۇنغا داۋاملىق بېيىتىش ۋە ئىجادكارلىق بىلەن داۋاملىق راۋاجلاندۇرۇش—پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ ۋە پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلارنىڭ كاتتا تارىخىي مەسئۇلىيىتى.“ يولداش دېڭ شياۋپىڭ ۋاپات بولغانلىقىنىڭ بىر يىللىقىنى خاتىرىلەۋاتقان مۇشۇ پەيتتە مەن پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلاردىن، بولۇپمۇ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئەزالىرىدىن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى رەھبەرلىك كوللېكتىپىدىن چوقۇم يۈكسەك ئاگاھلىق بىلەن دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىدە چىڭ تۇرۇشنى ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشنى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى قىلىشنى يەنە بىر قېتىم ئۈمىد قىلىمەن. بۇ ئىشلىرىمىز تەرەققىياتىنىڭ تۈپ كاپالىتى، شۇنداقلا بىزنىڭ يولداش دېڭ شياۋپىڭنى خاتىرىلىشىمىزنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى.

**تەرجىمە قىلغۇچى: دولقۇن قادىر**
**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

# دۆلەتنى پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇپ، ئەسىر ھالقىشىنىڭ شانلىق نەتىجىلىرىنى يارىتايلى

سۇڭ جيەن

20-ئەسىر جۇڭگو ئويغىنىپ كۆرەش قىلغان ئەسىردۇر، 21-ئەسىر جۇڭگو شانلىق نەتىجىلەرنى يارىتىدىغان ئەسىر بولۇشى كېرەك. پارتىيىنىڭ 15-قۇرۇلتىيى جۇڭگونىڭ شانلىق نەتىجىلەرگە ئېرىشىشى ئۈچۈن ئېنىق يول كۆرسىتىپ بەردى، ئورۇنلاشتۇرمىلارنى تۈزۈپ، نىشانغا يېتىشنىڭ ئومۇمىي تەدبىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاي جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تارىخىدا نامايەندىلىك بىر سەھىپە قالدۇردى. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىگە ئاساسەن، پارتىيىنىڭ 15-قۇرۇلتىيى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيانقى ئەمەلىيەت تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، دۇنيانىڭ يېقىنقى زامان، ھازىرقى زامان تەرەققىيات تارىخىغا نەزەر سېلىپ، دۆلەتنى پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشنى دۆلىتىنىڭ بۇندىن كېيىنكى ئۇزاق مۇددەتلىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى بىر ئاساسىي سىياسىتى قاتارىغا كىرگۈزدى، بۇ دەۋر بۆلگۈچ ۋە ئەسىر ھالقىيدىغان تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

## پەن-تېخنىكىنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، بولۇپمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن، جۇڭگونىڭ پەن-تېخنىكا ئىشلىرى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدى. جۇڭگونىڭ پەن-تېخنىكا خادىملىرى بۇنىڭ ئۈچۈن مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشتى. كېلەركى ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا بارغاندا، جۇڭگو زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. بۇ ئىستراتېگىيىلىك ۋەزىپە ئالدىدا، بىز دۆلەتنى پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى يېپيېڭى نۇقتىدىن چۈشىنىشىمىز كېرەك.

يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا كۆز قاراشنى ئۆزگەرتىش كېرەك. يېزا ئىگىلىكىنى كەسپىلەشتۈرۈشكە،

سانائەتلىشىشكە ۋە زامانىۋىلىشىشقا قاراپ يېتەكلەپ چوڭ قەدەم بىلەن يۈرۈش قىلىشىمىز كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا يېزا ئىگىلىكىنىڭ تېخنىكا سەۋىيىسىنى زور مىقياستا يۇقىرى كۆتۈرەلەيمىز. تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، خەلقىمىز ھازىرقى زامان پەن-تېخنىكىسىدا كۆرسىتىلگەن ئۇسۇل بويىچە ئىشلەشنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك. ناتۇرال ئىگىلىكتىكى ئەنئەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنى پەيدىنپەي ئۆزگەرتىش لازىم. زامانىۋى يېزا ئىگىلىكىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن، يەنە ئىجتىمائىيلاشقان پەن-تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش مۇلازىمەت تەشكىلى ۋە بازار مۇلازىمەت سىستېمىسى بولۇشى كېرەك. كېلەر ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، مەملىكىتىمىزنىڭ نوپۇسى يۇقىرى پەللىگە چىقىپ 1 مىليارد 600 مىليون ئەتراپىغا يەتكەندە، بۇنچىۋالا كۆپ ئاھالىنىڭ كىيىم-كېچەك، يېمەك-ئىچمەك، ئۆي-ماكان مەسىلىسىنى ھەل قىلغانىنىڭ ئۈستىگە، كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمىنىڭ ھازىرقىسىدىن 10 ھەسسىدىن ئارتۇق ئۆسۈشكە كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك، بۇنى ئۆزىمىزگە تايىنىش، يېزا ئىگىلىكى، سانائەت ۋە ئۈچىنچى كەسىپ پەن-تېخنىكىسىدىكى زور تەرەققىياتقا، زور بۆسۈشكە تايىنىش ئارقىلىق ھەل قىلماقتىن باشقا ئامال يوق. ھازىر ھەرقايسى جايلار يېزىلارغا قارىتىلغان سىياسەتنى مۇقىملاشتۇرۇش شەرتى ئاستىدا، ئۆز يېرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ ئىش كۆرۈپ، پەن-تېخنىكىنى پەيدىنپەي قانات يايدۇرماقتا. نامراتلىقتىن تېخى قۇتۇلمىغان رايونلاردا ئالدىراقسانلىق قىلىشقا بولمايدۇ، لېكىن بىز بۇ ئۇزاق ئىستراتېگىيىلىك نىشانغا سەل قارىماسلىقىمىز كېرەك، بولمىسا ۋاقىت ئىسراپ بولۇپ كېتىدۇ، پۇرسەت قولدىن كېتىپ قالىدۇ.

سانائەت جەھەتتە، بىز قەتئىي تەۋرەنمەي پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق ئىگىلىكنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇپ، زور كۈچ بىلەن يۇقىرى تېخنىكىلىق سانائەتنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئەنئەنىۋى سانائەتنى يۇقىرى تېخنىكىلىق سانائەت ئارقىلىق ئۆزگەرتىپ، شۇ ئارقىلىق ھەرقايسى ساھە، ھەرقايسى كەسىپنىڭ تېخنىكا سەۋىيىسى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشىمىز كېرەك. دۆلەتنى پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇپ، ئىقتىسادنى ئاشۇرۇش ئۇسۇلىنىڭ بۇرۇلۇش ياسىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈشنى مەركەز قىلىش بىلەن تامامەن بىردەك. 40 نەچچە يىللىق قۇرۇلۇش ئارقىلىق، مەملىكىتىمىزدە بىرقەدەر مۇكەممەل سانائەت سىستېمىسى ۋە خەلق ئىگىلىكى سىستېمىسى شەكىللەندى، ئومۇمىي ئىقتىساد كۆلىمى خېلىلا كۆرۈنەرلىك بولۇپ، نۇرغۇن ساھەنىڭ يىللىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى دۇنيا بويىچە بىرىنچى ئورۇنغا ئۆتتى. لېكىن ئىشلەپچىقىرىش، قۇرۇلۇش ۋە ئوبوروت قاتارلىق نۇرغۇن ساھەلەردە پەن-تېخنىكا بويىچە يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارى كۈچلۈك بولماسلىق، بايلىق سەرپىياتى يۇقىرى بولۇش، مەبلەغ ئوبوروتى ئاستا بولۇش، زىيان-ئىسراپچىلىقلار ئېغىر بولۇش، ئىقتىسادىي ئۈنۈم تۆۋەن بولۇشتەك مەسىلىلەر ھېلىمۇ ناھايىتى گەۋدىلىك بولۇۋاتىدۇ. ھازىر، مەملىكىتىمىزنىڭ سانائىتىدە يەنىلا ئەنئەنىۋى كەسىپ ئاساس قىلىنىۋاتىدۇ، يۇقىرى تېخنىكىلىق كەسىپ پەقەت %10 ئەتراپىنىلا ئىگىلەۋاتىدۇ. سانلىق مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ناتۇرال ئىگىلىك ھالىتىدىكى يېزا ئىگىلىكى ۋە قول سانائىتى، ئەنئەنىۋى كەسىپ، يۇقىرى تېخنىكىلىق سانائەتنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى

نىسبىتى 1:10:100 ئىكەن. بىزنىڭ خەلقىمىز ئىشچان، ئەقىل-پاراسەتلىك بولسىمۇ، لېكىن ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى تەرەققىي تاپقان ئەللەرنىڭكىنىڭ ئاران نەچچە ئوندىن بىرىگىلا توغرا كېلىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىكى تۈپ سەۋەب تېخنىكا ئارقىدا قالغان، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى قالاق. مەملىكىتىمىزنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان قېزىلما بايلىق مىقدارى نىسپىي ھالدا ئاز بولسىمۇ، لېكىن مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ بىرلىك سەرپىياتى ياپونىيىنىڭكىنىڭ 5 ھەسسىسىگە، ئامېرىكىنىڭكىنىڭ 2.6 ھەسسىسىگە، گېرمانىيىنىڭكىنىڭ 3.6 ھەسسىسىگە توغرا كېلىۋاتىدۇ. ئىجتىمائىي ئەڭ ئاخىرقى مەھسۇلات خام ئەشيا-ماتېرىيال ئومۇمىي سېلىنمىسىنىڭ پەقەت 20—30 پىرسەنتىنى ئىگىلەۋاتىدۇ. كۆپلىگەن خام ئەشيا-ماتېرىيال ۋە ئېنېرگىيە 3 كېرەكسىزگە ئايلىنىپ مۇھىتقا چىقىرىپ تاشلىنىپ، بەخت كەلتۈرۈش بۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە زىيان كەلتۈرۈۋاتىدۇ. مۆلچەرلىنىشىچە، 1979-يىلدىن 1990-يىلغىچە بولغان مەزگىل ئىچىدە، تېخنىكا تەرەققىياتى جەھەتتىكى تۆھپىنىڭ نىسبىتى %70تىن ئارتۇق بولغان؛ لېكىن ئادەتتىكى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ يۇقىرى نىسبەتتە ئېشىش مەزگىللىرىدە تېخنىكا تەرەققىياتى جەھەتتىكى تۆھپە نىسبىتى %60تىن يۇقىرى بولغان، كىرىزىس مەزگىلىدىمۇ %50 ئەتراپىدا بولغان. بىزنىڭ بۇنداق تۆۋەن سەۋىيىلىك، يىرىك تىپلىك ئىقتىسادنى ئاشۇرۇش ئۇسۇلىمىزنى ئۆزگەرتمىسەك بولمايدۇ. ئىگىلىك كۆلىمىنىڭ زورىيىشىغا ئەگىشىپ، يەنە داۋاملىق كۆپلىگەن قېزىلما بايلىقنى سەرپ قىلىشقا تايىنىپ ئىقتىسادنى ئاشۇرۇشقا تىرىشىش ئاقمايدىغان ئىش. ئىچكى-تاشقى بازار رىقابىتى ئاخىرقى ھېسابتا پەن-تېخنىكا، سۈپەت، ئۈنۈمدارلىق ۋە ئۈنۈمنىڭ كۈچ سىنىشىشىدا ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا ھازىرقى بۇنداق ئاشۇرۇش ئۇسۇلى ئۆزگەرتىلمەيدىغان بولسا، داۋاملىق، مۇقىم، تېز سۈرئەتلىك تەرەققىياتنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئىككى تۈپ خاراكتېرلىك بۇرۇلۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش دېگەندە، بىرى ئىقتىسادىي تۈزۈلمىدىكى بۇرۇلۇش، يەنە بىرى ئىقتىسادنىڭ ئېشىش ئۇسۇلىدىكى بۇرۇلۇش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ ئىككىلا بۇرۇلۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىغا، ئەمگەكچىلەرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە ۋە ئىلمىي باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە تايىنىش كېرەك، ھەممىدىن مۇھىمى پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپنى چىڭ تۇتۇش كېرەك. مانا بۇ، دۆلەتنى پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە جىددىيلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ ھەرقايسى سەپلىرىدە ئىختىساسلىق خادىملار كەمچىل. مەملىكىتىمىزدە ھەر 10 مىڭ ئادەمدىن پەن-تېخنىكا خادىملىرىنىڭ ئىگىلەيدىغان سانى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن كۆپ تۆۋەن. يېزىلاردا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 200 گېكتاردىن ئارتۇق تېرىلغۇ يەرگە ئاران بىر تېخنىكا خادىمى توغرا كېلىدۇ. يېزا-بازار كارخانىلىرىدا تېخنىكا خادىملىرى بەكلا ئاز بولۇپ، ئون نەچچە كارخانىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئاران بىردىن توغرا كېلىدۇ. چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىلارنىڭ يېرىمىدا تېخى تېخنىكا تەرەققىيات ئورگانلىرى قۇرۇلغىنى يوق. بىزنىڭ مائارىپىمىزدا چوقۇم زور تەرەققىيات بولۇشى كېرەك. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ستاتىستىكىلىق سېلىشتۇرمىسىغا ئاساسلانغاندا، نۆۋەتتە

بىزنىڭ ئالىي مائارىپىمىزدا مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى ئوخشاش ياشتىكىلەرنىڭ ئاران 3.8 پىرسەنتىنىلا ئىگىلەيدۇ، بۇ دۇنيانىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسى (15%) دىن كۆپ تۆۋەن.

بىز زور بىر تۈركۈم ئاگرونوم، دېھقانچىلىق مۇتەخەسسىسى، ئىنژېنېر ۋە ھەر خىل تېخنىكا مۇتەخەسسىسلەرنى تەربىيەلەپ بىلىدىغانغا ... ئىگىلىك باشقۇرۇشقا ماھىر زور بىر تۈركۈم ئىختىساسلىق خادىملارغا موھتاج، كارخانىلارنى باشلاپ خەلقئارا رىقابەتكە قاتنىشالايدىغان زور بىر تۈركۈم زامانىۋى كارخانىچىلارغا تېخىمۇ موھتاج. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ بىرىنچى سېپى—پەن-تېخنىكا خادىملىرى ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇپ، تۆھپە يارىتىدىغان كەڭ زېمىن ۋە ئەڭ ئاساسلىق بازا. 21-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، مائارىپنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش، بولۇپمۇ پۈتكۈل مىللەتنىڭ كەسپىي مائارىپ سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. پەن-تېخنىكا ئورگانلىرى ۋە پەن-تېخنىكا خادىملىرىنىڭ ئىقتىسادىي ساھەگە كىرىشى ئۈچۈن داۋاملىق يېڭى يول ئېچىش، مۇتلەق كۆپ قىسىم پەن-تېخنىكا كۈچلىرىنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ ئاساسىي مەيدانىغا باشلاپ كىرىش، مۇنەۋۋەر ئىختىساسلىق خادىملارنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ يېڭى ساھەسىنى ئېچىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، ئۇلارنى يېڭىدىن گۈللەنگەن كەسىپلەرنىڭ تايانچ كۈچلىرىگە ئايلاندۇرۇش كېرەك.

جۇڭگو چوقۇم دۇنيا يۇقىرى تېخنىكا ۋە يۇقىرى تېخنىكىلىق ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىدە ئۆزىگە چۈشلۇق ئورۇننى ئىگىلىشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن مۇشۇنداق يۈكسەك ئىرادىنى تىكلەپ ۋە غەيرەت-جاسارەتكە كېلىپ، چوڭ-چوڭ يۇقىرى تېخنىكىلىق ئىشلەپچىقىرىشقا قارىتا كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، كەڭ كۆلەمدە تۇتۇش قىلىپ، ھەمكارلىشىپ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ، يۇقىرى تېخنىكىنىڭ تاۋارلىشىشىنى، كەسىپلىشىشىنى ۋە خەلقئارالىششىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك. يۇقىرى تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە كەسىپلەشتۈرۈشتە، مۇھىم ھالقا ئۆز ئالدىغا يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى ئۆزلۈكسىز ئۆستۈرۈشتۇر. بۇ، جۇڭگو ھازىردىن باشلاپ كېلەر ئەسىرگىچە چوقۇم خېلى زور ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈرۈشى شەرت بولغان بىر مەيدان كۈرەش، جۇڭگونىڭ ئىقتىساد ۋە پەن-تېخنىكا ئىشلىرىنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان چوڭ ئۇرۇش. پارتىيىنىڭ 15-قۇرۇلتىيىدا مەركەزدىكى ھەرقايسى تارماقلارنىڭ مۇشۇ ئىش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىشى تەلەپ قىلىندى. ھەرقايسى رايون، ھەرقايسى تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرى، بولۇپمۇ ئىقتىسادى بىرقەدەر تەرەققىي قىلغان رايونلارنىڭ زور كۈچ سەرپ قىلىپ، مۇناسىپ سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىقىپ، يۇقىرى تېخنىكىلىق كەسىپنىڭ تېزلىكتە بارلىققا كېلىشى ھەم زورىيىشىغا يېتەكچىلىك قىلىشى ۋە تۈرتكە بولۇشنى ئۈمىد قىلىمىز. قەتئىي ئېغىشماستىن يۇقىرى تېخنىكا ئارقىلىق ئەنئەنىۋى كەسىپلەرنى ئۆزگەرتىش، يۇقىرى تېخنىكىلىق مەھسۇلاتلارنى ئېچىش، يۇقىرى ۋە يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپ تەرەققىيات رايونلىرىنى ئوبدان باشقۇرۇپ، ھەر ساھە-ھەر كەسىپتە يۇقىرى تېخنىكىنىڭ قوللىنىلىشىنى زور كۈچ بىلەن ئومۇملاشتۇرۇش كېرەك. كارخانىلارنىڭ، كەڭ پەن-تېخنىكا خادىملىرى ۋە ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىجادكارلىقىنى قوغداش ۋە ئۇلارنى ئىلھاملاندۇرۇش، ئۆزىنىڭ ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقىغا، بىرقەدەر زور ئىشلەپچىقىرىش

كۆلمىگە ئىگە بىر تۈركۈم مىللىي يۇقىرى تېخنىكىلىق كەسىپلەرنى بەرپا قىلىپ، تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭكى بىلەن زىچ باغلىنىپ كەتكەن، شۇنداقلا تەڭ كۈچ ئىلىشالايدىغان ھالەتنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. بۇ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ۋە سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ گۈللىنىشى ياكى خارابلىشىشىنى، قىسقىسى تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان ھالقىلىق بىر جەڭ. بۇ جەڭدە بىز مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىمىز شەرت، شۇنداقلا چوقۇم مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايمىز.

يۇقىرى ۋە يېڭى تېخنىكىنىڭ كەڭ قوللىنىلىشى ھەربىي كۈرەشنىڭ قىياپىتىنى چوڭقۇر ئۆزگەرتىپ، ھەربىي ئىشلار ساھەسىدە بىر قاتار ئىنقىلابىي ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. دۇنيادىكى ئاساسىي دۆلەتلەرمۇ مۇشۇنداق ۋەزىيەتكە ماسلىشىپ، ئارقا-ئارقىدىن ئارمىيىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىپ، يۇقىرى تېخنىكىلىق سۈپەت قۇرۇلۇشى ئاساسىي بەلگە قىلىنغان يېڭى رىقابەت ھالىتىنى شەكىللەندۈردى. بۇ ئارمىيىمىزنىڭ سۈپەت قۇرۇلۇشى ۋە ئاكتىپ مۇداپىئە فاڭجېنىغا قارىتا ئېلان قىلىنغان جىددىي جەڭ. جۇڭگونىڭ پەن-تېخنىكا ساھەسىدىكىلەر دۆلەت مۇداپىئە كۈچىنى كۈچەيتىش، قورال-ياراغلارنىڭ تېخنىكا سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز يېڭى تۆھپىلەرنى قوشۇشى لازىم. ھازىرقى ۋە كېيىنكى بىر ئەۋلاد پەن-تېخنىكا خادىملىرى "ئىككى بومبا، بىر ھەمراھ"نى تەتقىق قىلىپ ياساشتىكى روھنى داۋاملاشتۇرۇپ ۋە جارى قىلدۇرۇپ، بىر تۈركۈم يۇقىرى تېخنىكىلىق قورال-ياراغ سىستېما قۇرۇلۇشىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشى كېرەك.

مەن يەنە ئاساسىي پەن تەتقىقاتى مەسىلىسى ئۈستىدىمۇ توختىلىپ ئۆتمەكچىمەن. ئاساسىي پەن تەتقىقاتى ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىدىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ، پەن-تېخنىكا ۋە ئىگىلىك تەرەققىياتىنىڭ مەنبەسى ۋە ئارقا تىرىكى، يېڭى تېخنىكا، يېڭى كەشپىياتنىڭ مۇقەددىمىسى، شۇنداقلا پەن-تېخنىكا جەھەتتە ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەيدىغان ۋە يېتىشتۈرىدىغان بۆشۈك. ئىلىم-پەن ئىنسانلارنىڭ دۇنيانى بىلىشى ۋە دۇنيانى ئۆزگەرتىشىدىكى قۇدرەتلىك قورال، ئىگىلىك تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ كۈچ مەنبەسى. يېقىنقى زامان ۋە ھازىرقى زامان ئىلىم-پەنىدىكى بۈيۈك كەشپىياتلار ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشتا ھەم ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتتە تەتبىقلىنىشى ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تۈپ تەسىر كۆرسەتتى، ماركسنىڭ ئىلىم-پەن ئىنسانلار تارىخىنىڭ كۈچلۈك پىشاڭى ۋە ئالىي مەنىدىكى ئىنقىلابىي كۈچ دېگەن نۇقتىئىنەزىرىنى كۈر مىڭ قېتىم ئىسپاتلاپ بەردى؛ يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ پەن-تېخنىكا بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى دېگەن ئەقلىيە سۆزىنىمۇ ئىسپاتلاپ بەردى. زامانىمىزدا بەزى يۇقىرى تېخنىكىلىق كەسىپلەرنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى، يېرىم ئۆتكۈزگۈچ، توپلاشتۇرۇلغان ئېلېكتىر يولى، يادروماگنىتلىق رېزونانس، لازېر نۇرى، نۇر كابېل، سۈنئىي تېزلەتكۈچ تېخنىكىسى قاتارلىق يۇقىرى تېخنىكىلارنىڭ تەرەققىياتى ئاساسىي پەننىڭ بايقىشى ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى ئارقىسىدا پەيدا بولغان. زامانىۋى ئىلىم-پەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ رېئال ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە ئايلىنىش ۋاقتى بارغانسېرى قىسقارماقتا. بىر دۆلەت، بىر مىللەت ئەڭ يېڭى ئىلمىي

ئىدىيىنى ئوتتۇرىغا چىقىرالمىسا ۋە قوبۇل قىلالمىسا، مەسىلىلەرنى زامانىۋى ئىلىم-پەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ كۆزىتەلمىسە ۋە بىر تەرەپ قىلالمىسا، دۆلەتنى زامانىۋىلاشتۇرالمايدۇ.

ئاساسىي پەن تەتقىقاتىنى كۈچەيتىش ئېلىمىزنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئالاھىدە مۇھىم پەن-تېخنىكا سىياستى. 40 نەچچە يىلدىن بۇيان، مەملىكىتىمىزدە ئاساسىي پەن ساھەسىدە چوڭ نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلۈپ، خېلى ياخشى ئاساس بارلىققا كەلتۈرۈلدى. مەملىكىتىمىزدە ئاساسىي پەن تەتقىقاتى ئاساس قىلىنغان بىر تۈركۈم پەن تەتقىقات ئاپپاراتى ۋە مۇئەسسەسەلىرى بەرپا قىلىندى، تۈرلىرى بىرقەدەر تولۇق پەن سىستېمىسى ۋۇجۇدقا چىقىرىلدى، خېلى سەۋىيىلىك پەن تەتقىقات قوشۇنى تەربىيىلەپ چىقىلىپ، بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئالىم بار بولدى. بەزى ئاساسىي ساھەلەر ۋە پەنلەر بويىچە دۆلەت ۋە تارماقلارنىڭ 178 نۇقتىلىق تەجرىبىخانىسى قۇرۇلۇپ، بىر تۈركۈم زامانىۋى ئىلىم-پەن ئەسۋاپلىرى بىلەن قوراللاندۇرۇلدى. مەبلەغ چەكلىك ئەھۋالدا بېيجىڭ مۇسبەت-مەنپىي ئېلېكترون سوقۇشتۇرۇش ماشىنىسى، لەنجۇ ئېغىر ئىئون تېزلەتكۈچ، چوڭ ئاسترور دۇربۇن، يادرو جۇغلاش-ئۆزگەرتىش قۇرۇلمىسى، ئايرودىنامىكىلىق كۈچ سىناق قۇرۇلمىسى قاتارلىق چوڭ تىپتىكى ئىلمىي قۇرۇلۇشلار بەرپا قىلىندى. يۇقىرى تېمپېراتورىلىق ئۈلترا ئۆتكۈزگۈچ، قېتىشما ھالەت فىزىكىسى، ئىرسىيەت قۇرۇلۇشى قاتارلىق مۇھىم ساھەلەردە خەلقئارا ئىلغار سەۋىيىگە ئىگە بىر تۈركۈم مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. دۆلىتىمىزنىڭ بۈگۈنكى خەلقئارا ئورنىغا ۋە ئابرويىغا ئىگە بولۇشىدا پەن-تېخنىكا سەۋىيىسىنىڭ تېز ئۆسۈشى مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ!

كۈنسايىن كەسكىنلىشىپ بېرىۋاتقان خەلقئارا رىقابەتتە پەن-تېخنىكا جەھەتتە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىپ، جۇڭگونى خەلقئارا پەن-تېخنىكا سەھنىسىدە تېگىشلىك ئورۇنغا ئىگە قىلىش—ئاساسىي پەن تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئالىملارنىڭ مۇشكۈل ھەم شەرەپلىك تارىخىي بۇرچى. يېڭى ۋەزىيەتتە، مەملىكىتىمىزنىڭ ئاساسىي پەن تەتقىقاتى خىزمىتىدە بەزى ئىشلارنى قىلىش، بەزى ئىشلارنى قىلماسلىق پرىنسىپىغا ئاساسەن، نۇقتىلىق ساھەنى تاللاپ سېلىنمىنى كۆپەيتىش كېرەك. نۇقتىلىق ئاساسىي پەن تەتقىقاتىنى چىڭ تۇتۇش ۋە كۈچەيتىش—پەن-تېخنىكا تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ مۇھىم نىشانى. ئالىملىرىمىز بىرمۇنچە ساھەلەردە كۈچلۈك رىقابەت كۈچىگە ئىگە، ئۇلار خەلقئارا ھەمكارلىققا پائال قاتنىشىپ، دۇنيا پەن تەتقىقاتىدا ئالدىنقى ساھەگە كىرىشنى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك.

20-ئەسىردە تەبىئىي پەننىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەر ئالدىدا بەزىلەر، ئىنسانلارنىڭ ئىلىم-پەن ئىشلىرى ئاخىرقى چەككە يەتتى، دەپ قاراۋاتىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس. 20-ئەسىردە تەبىئىي پەن، تېخنىكا پەنلىرى ۋە ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسىدە گەرچە شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن مۇكەممەل دەرىجىگە يېتىشتىن خېلىلا يىراق. ھەرقايسى پەن ساھەلىرىدە بۈگۈنكى ۋە كېيىنكى ئىلىم-پەن ساھەسىدىكىلەر، تېخنىكا ساھەسىدىكىلەرنىڭ ھەل قىلىشىنى كۈتۈپ تۇرغان بەزى چوڭ-چوڭ مەسىلىلەر بار. پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ مەڭگۇ چېكى

بولمايدۇ، كونا مەسلىلەر ھەل قىلىنسا، ئالدىمىزغا يەنە تېخىمۇ كۆپ يېڭى مەسلىلەر دۇچ كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە جۇڭگودەك مۇشۇنداق دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتنىڭ ھەممىلا يېرىدە يېڭى ئىلىم-پەن مەسىلىلىرى بايقىلىپ تۇرىدۇ، پەن-تېخنىكا جەھەتتىكى بوشلۇقنى تاپقىلى بولىدۇ، ھەممە يەردە كارامەتنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ، ھەممە جايدا يېڭىلىق يارىتىش تەلپىي ۋە پۇرستى بار. شۇنىڭ ئۈچۈن، دۇنيا ئىلىم-پېنىنىڭ يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئالدىدا ھەرقانداق قېينچىلىقتىن قورقۇش كەيپىياتى ۋە ئۇتۇق قازانماسلىق ئىدىيىسىنىڭ ئاساسى يوق، بۇنداق كەيپىيات ۋە ئىدىيىنى ئۇزۇل-كېسىل چۆرۈپ تاشلاش كېرەك.

يولداش جياڭ زېمىن يىغىندا ئاساسي پەن تەتقىقاتى ناھايىتى مۇھىم دەپ كۆرسەتتى. ئىنسانلارنىڭ يېقىنقى زامان ۋە ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، ئاساسي پەن تەتقىقاتىدىكى ھەربىر بۆسۈش، كۆپ چاغلاردا، كىشلەرنىڭ دۇنيانى بىلىش ۋە دۇنيانى ئۆزگەرتىش ئىقتىدارىنىڭ ئۆسۈپ بېرىشىدا، پەن-تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش، يۇقىرى تېخنىكىلىق كەسىپلەرنى شەكىللەندۇرۇش ۋە ئىقتىساد، مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا مۆلچەرلەپ بولمايدىغان زور تۈرتكىلىك رولارنى ئوينىدى. يىغىندا گوۋۇيۈەن سىلىنمىنى كۆپەيتىپ، ئاساسي پەن تەتقىقاتىنى قوللاشنى كۈچەيتىش، ھەرقايسى ساھە ۋە ھەرقايسى كەسىپلەر بويىچە ئاساسي پەن تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ياش ئالىملارنى يېتىشتۈرۈش سالمىقىنى ئۆستۈرۈش توغرىسىدا بەلگىلىمە چىقاردى. ئىقتىسادى بىرقەدەر تەرەققىي قىلغان ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭمۇ بۇ خىزمەتنىڭ يەرلىك ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلارنىڭ ئىزچىل تەرەققىي قىلىشى، پەن-تېخنىكا ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشىدە ئىنتايىن مۇھىملىقىنى چۈشىنىۋېلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. بىز دېڭىز بويىدىكى ھەرقايسى ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ پەن-تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشنىڭ ھەققىي تەدبىرلىرى ئۈستىدە پىلانلارنى تۈزۈشكە ۋە قوللىنىشقا تۇتۇش قىلىپ، مەبلەغ چىقىرىپ بىر تۈركۈم يۇقىرى سەۋىيىلىك پەن تەتقىقات ئورگانلىرىنى قۇرۇپ ۋە قوبۇل قىلىپ، ئۆزىمىزنىڭ ئاساسي پەن تەتقىقاتى ۋە يۇقىرى پەن-تېخنىكا تەتقىقاتى تەرەققىيات مەركىزىنى بەرپا قىلىپ، بىر تۈركۈم پەن-تېخنىكا ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ ۋە يېتىشتۈرۈپ چىقىپ، كېلەركى ئەسىردە جايلارنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە خەلقنىڭ پەن-تېخنىكا سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن شەرت-شارائىت يارىتىشنى تەشەببۇس قىلىمىز.

## پۈتكۈل مىللەت ئارىسىدا ئىلمىي روھنى تۇرغۇزۇش كېرەك

پارتىيىنىڭ 15-قۇرۇلتىيىدا بېرىلگەن دوكلاتتا زىيالىيلارنىڭ ۋەزىپىسى ۋە ئىجتىمائىي ئورنى توغرىسىدا يېڭىباشتىن مۇنداق دەپ تېخىمۇ جانلىق، تېخىمۇ كونكرېت بەلگىلىمە چىقىرىلدى: "زىيالىيلار ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، ئىلغار ئىدىيىنى تارقاتقۇچىلاردىن، پەن-تېخنىكىدا يول ئاچقۇچىلاردىن،

غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزاملىق پۇقرالارنى يېتىشتۈرگۈچىلەردىن ۋە ئىسىل مەنىۋى مەھسۇ-لات ئىشلەپچىقارغۇچىلاردىن بولۇشقا تىرىشىپ، كەڭ ئىشچىلار، دېھقانلار بىلەن بىرلىكتە، جۇڭخۇا مىللەتلى-رىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشى كېرەك.» بۇ نەزەرىيە يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ زىيالىيلار «ئىشچىلار سىنىپىنىڭ بىر قىسمى» دېگەن نەزەرىيىسىنىڭ يېڭى راۋاجى. زىيالىيلارنىڭ ۋەزىپىسى ۋە ئورنىنىڭ يېڭىباشتىن بەلگىلىنىشى ئېلىمىزنىڭ كېلەچەكتىكى پەن-تېخنىكا ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە بىر ئەۋلاد ياش پەن-تېخنىكا خادىملىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم.

پەن-تېخنىكا بىلىملىرى — ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلى، ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتنى بىلىش ۋە تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش جەريانىدا ئۇزاقتىن بېرى توپلىغان تەجرىبىسىنىڭ يەكۈنى ۋە ئابستراكسىيە-سى، پەن-تېخنىكا بىلىملىرى ئىنسانلار ئەقىل-پاراستىنىڭ راۋاج تېپىشىغا ۋە ئەمگەك ماھارىتىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ پەيدا بولغان ۋە ئۆلغايغان. دۇنيا تەرەققىياتىنىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان تارىخى بىزگە شۇنى ئۇقتۇردىكى، بىر مىللەت ئەگەر ئىلىم-پەننى قەدىرلەيدىغان، ئىلىم-پەننى ئۆگىنىدىغان ۋە ئىلىم-پەننى قوللىنىدىغان ئورتاق ئىجتىمائىي تونۇشقا، پەن-تېخنىكىدا يېتەكلىك يارىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولمايدىغان بولسا، ئۇ مىللەت دۇنيا تەرەققىياتىنىڭ ئېقىمىغا ماسلىشالمايدۇ. ۋەتىنىمىز جۇڭگودەك ئۇلۇغ بىر دۆلەتتە دۇنياۋى پەن-تېخنىكىنىڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇرالايدىغان بىر تۈركۈم مەشھۇر ئالىملار، ئىنژېنېرلارنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، پۈتۈن دۇنيانىڭ ئەڭ يېڭى پەن-تېخنىكا ئىدىيىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، يېڭى پەن-تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى يارىتىپ، ئۇنىڭ بىلەن خەلقىمىزنى قوراللاندۇرغاندىلا، ئاندىن ئىزچىل، مۇقىم تەرەققىياتقا ئېرىشەلەيمىز، ئاندىن كېلەركى ئەسىردە ئىنسانلار مەدەنىيىتى تەرەققىياتىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە يېتەلەيمىز.

دۆلەتنى پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشتا، پۈتكۈل جەمئىيەتتە ئىلىم-پەنگە ھۆرمەت قىلىش، ئىلىم-پەننى قەدىرلەش، ئىلىم-پەننى قوللىنىش كەيپىياتىنى تەشەببۇس قىلىپ، پۈتكۈل مىللەتنىڭ پەن-تېخنىكا ساپاسىنى ۋە پەن-تېخنىكىدا يېتەكلىك يارىتىش ئىقتىدا-رىنى ئۆستۈرۈش مۇھىم نىشان قىلىنىدۇ. بۇ بۈگۈنكى جۇڭگودا ئالاھىدە زۆرۈر ۋە مۇھىم، چۈنكى ئۇ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ كېلەچىكىنى بىۋاستە بەلگىلەيدۇ. كېلەركى ئەسىردە جۇڭگونىڭ پارلاق كېلەچىكىنى يارىتىمىز دېيدىكەنمىز، پۈتكۈل مىللەتنىڭ ئىلىم-پەن ساپاسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك، بۇ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىكى يېڭى بىر باسقۇچنىڭ مۇھىم بەلگىسىدۇر.

بىز كىشىلەرگە شۇنى چۈشەندۈرۈشىمىز، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە شۇنى ئۇقتۇرۇشىمىز كېرەككى، دۆلەتنى گۈللەندۈرۈشتە پەن-تېخنىكىغا ۋە مائارىپقا تايانماي، پۈتكۈل مىللەتنىڭ پەن-تېخنىكا سەۋىيىسىنى ۋە يېتەكلىك يارىتىش ئىقتىدارىنى تىرىشىپ ئۆستۈرمەي، قانداقتۇ پەۋقۇلئاددە، تەسادىپىي پۇرسەت بىلەن دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، خەلقنى بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرۈش ئۈمىدىدە بولۇش پۈتۈنلەي خام خىيالدۇر. يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان پۈتكۈل جەمئىيەتتە بىلىمگە ھۆرمەت قىلىش، ئىختىساس-لىق خادىملارغا ھۆرمەت قىلىش كەيپىياتىنى تولۇق شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن، يەنە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى

ئىشلەشكە، يەنە ئۇزاق مۇددەت تىرىشىپ كۈرەش قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. پۈتۈن مەملىكەتنى ئېلىپ ئېيتساق، ھېلىمۇ نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ زامانىۋى ئىلىم-پەننىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشى چوڭقۇر ئەمەس، ئۇلاردا ئىلمىي ئىدىيە، ئىلىم-پەنگە بولغان ئىشەنچ ۋە ئىلمىي روھ ئومۇمىيۈزلۈك يېتەرسىز. بىر قىسىم كىشىلەر ئارىسىدا خۇراپاتلىق خېلىلا ئېغىر، بەزىلەر بىرەر ئىش يۈز بەرسىلا، مەسىلەن، ئاپەت يۈز بەرسە، خۇراپاتلىق بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىدۇ-دە، نۇرغۇن كىشىلەر ئۇلارغا ئەگىشىپ ماڭىدۇ. زامانىۋى ئىلىم-پەننى خەلق ئارىسىدا يېلتىز تارتقۇزۇپ، ئۇنى دۆلەتنىڭ، مىللەتنىڭ روھى-كەيپىياتىغا، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەنئەنىسىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن خېلى ئۇزاق ۋاقىت كېتىدۇ، بوشاشماستىن كۈرەش قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا، دۆلەتنى پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىشى قىسقا مۇددەت ئىچىدە زەربىدارلىق بىلەن ئورۇندىۋەتكىلى بولىدىغان ۋەزىپە بولماستىن، بەلكى جۇڭگونىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىدۇر.

پارتىيىنىڭ 15-قۇرۇلتىيىدا بېرىلگەن دوكلاتتا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: مائارىپ ۋە ئىلىم-پەننى راۋاجلاندۇرۇش—مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى ئۇللۇق ئىش. زامانىۋىلاشتۇرۇش تەلىپىگە لايىقلاشقان يۈز مىليونلىغان يۇقىرى سۈپەتلىك ئەمگەكچىلەرنى ۋە ئون مىليونلىغان ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، دۆلىتىمىزنىڭ ئادەم كۈچى بايلىقى جەھەتتىكى غايەت زور ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇش 21-ئەسىردىكى سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ ئومۇمىيىتىگە بېرىپ تاقىلىدۇ. پۈتكۈل مىللەتنىڭ پەن-تېخنىكا سەۋىيىسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش، ئىلىم-پەن بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش، خەلقنى ئىلمىي روھنى جارى قىلدۇرۇشقا، ئىلمىي ئۇسۇلنى ئىگىلەشكە يېتەكلەش، ئىجادىيەت-كەشپىيات يارىتىشقا ئىلھاملاندۇرۇش لازىم. نادانلىقنى تۈگىتىش، فېئودال خۇراپاتلىق ھەرىكەتلىرىگە قارشى تۇرۇش كېرەك.

## ئىشكى سىرتقا داۋاملىق ئېچىۋېتىش ۋە تېخىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىش—جۇڭگونىڭ پەن-تېخنىكا ئىشلىرىنى ئىزچىل تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ زۆرۈر شەرتى

پارتىيىمىزنىڭ 15-قۇرۇلتىيىدا بېرىلگەن دوكلاتتا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: بۇنىڭدىن كېيىن جۇڭگو ئىشكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش سەۋىيىسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈشى كېرەك. ئىشكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش—دۆلىتىمىزنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تۈپ سىياسىتى. ئىقتىساد، پەن-تېخنىكىنىڭ يەر شارى بويىچە ئومۇملىشىش يۈزلىنىشى ئالدىدا، بىز تېخىمۇ ئاكتىپلىق بىلەن دۇنياغا يۈزلىنىپ، ئىشكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنىڭ ھەر تەرەپلىك، كۆپ قاتلاملىق، كەڭ ساھەلىك قۇرۇلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىز، ئوچۇق تىپلىك ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇشىمىز، خەلقئارا رىقابەت ئىقتىدارىمىزنى كۈچەيتىشىمىز، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنىڭ سەرخىللىشىشى

ۋە خەلق ئىگىلىكى سۈپىتىنىڭ ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز كېرەك.

بىر دۆلەتنىڭ تەرەققىياتىنىڭ تېز-ئاستا بولۇشى، بىر جەھەتتىن، ئومۇمىي فاڭجېن، سىياسەتلەرگە، يەنى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنىڭ توغرا تەڭشىلىشىگە، يەنە بىر جەھەتتىن، ئۇ دۆلەتتە پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى قوبۇل قىلىشقا پايدىلىق بولغان ياخشى مۇھىت ۋە مېخانىزمنىڭ يارىتىلىشىغا باغلىق بولىدۇ. بۇ ئىككى جەھەتتىكى شارائىت ھازىرلانسا، ھەممە تەرەپتىكى شارائىت ھازىرلانغان بولىدۇ-دە، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى چوقۇم زور دەرىجىدە تېزلەتكىلى بولىدۇ.

فىزىكا، خىمىيە، بىئولوگىيە بىزگە مۇنداق بىر تۈپ ئىلمىي قائىدىنى ئۇقتۇردى: ھەرقانداق بىر سىستېما پەقەت ئوچۇق مۇھىتتا سىرت بىلەن ئېنېرگىيە، ماددا ۋە ئۇچۇر ئالماشتۇرۇپ تۇرغاندىلا، ئاندىن ئۈزلۈكسىز ساغلام راۋاجلىنىپ زورىيالايدۇ. ئەكسىچە، بىر يېپىق سىستېما پەيدىنپەي خارابلىشىشقا قاراپ يۈزلىنىدۇ، خالاس. فىزىكىدىكى ئىسسىقلىق دىنامىكىسىنىڭ ئىككىنچى قانۇنىدىكى سۆز بىلەن ئېيتقاندا، بىر يېپىق ھالەتتە تۇرغان سىستېمىنىڭ ئېنتروپىيىسى—تەرتىپسىزلىكى پەيدىنپەي كۆچىيىپ بارىدۇ. بارلىق تەبىئەت ھادىسىلىرى، نۇرغۇن ئىجتىمائىي ھادىسىلەر ۋە ئىنسانلار تارىخىنىڭ تەرەققىيات جەريانى بۇ قانۇنىنىڭ ھەرقانداق سىستېمىغا ئويغۇن كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

تاشقى مۇھىتنىڭ ئوچۇقلۇقىنى ساقلاش ھەرقانداق بىر ئورگانىك گەۋدىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنىڭ زۆرۈر شەرتى. جىمى جانلىقلار تۈپىنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە تەدرىجىي تەرەققىي قىلىشىنىڭ ئاساسلىق مېخانىزمى ماددا ئالماشتۇرۇشتا. يەككە تەنىنىڭ يېتىلىش، ئۆسۈش، نەسىلگە تارتىشى، تاق ھۈجەيرىلىك ھايۋاندىن مۇرەككەپ ئالىي دەرىجىلىك ھايۋانغىچە ئىرسىيەت، ئوزۇقلۇق ۋە ئېنېرگىيە ئالماشتۇرۇشتىن ئايرىلالمايدۇ. بۇ، تەبىئىي پەننىڭ ھەرقايسى تۈرلىرىدە قايتا-قايتا ئىسپاتلانغان.

ئىلىم-پەننىڭ تەرەققىيات تارىخىمۇ ئوچۇقلۇقنىڭ مۇھىملىقىنى ئىسپاتلىدى. جۇڭگو قەدىمكى زاماندا ماتېماتىكىدا شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۇزاق مۇددەت دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرغان. لېكىن ئابستراكت ماتېماتىكا بىلەن ئاكسىيوما سىستېمىسى جۇڭگودا ۋۇجۇدقا كەلمىگەن، بۇنداق بولۇشى، ئالماشتۇرۇش يېتەرسىز بولۇپ قېلىپ، ئۇنىڭ يەنىمۇ راۋاجلىنىشى ۋە سىرتنىڭ نەتىجىلىرىنى قوبۇل قىلىشى چەكلىمىگە ئۇچرىغان، شۇنىڭ بىلەن يېقىنقى زامانغا كەلگەندە دۇنيا سەۋىيىسىنىڭ ئارقىدا قالغان. ئاخىرقى ھېسابتا بۇنىڭغا بېكىنمىچىلىك سەۋەب بولغان. دۇنيانىڭ يېقىنقى زامان ۋە ھازىرقى زامان پەن تارىخى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بىرىنچىدىن ئۇچۇر، ئىككىنچىدىن ماتېرىيال، ئۈچىنچىدىن ماددىي نەرسە بولمىغان ئەھۋالدا، ئۆز ئالدىغا تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش مۇمكىنچىلىكى يوق ئەمەس؛ لېكىن بۇ ئايرىم، قىسمەن، تاسادىپىي ئەھۋالدىنلا ئىبارەت. بۈگۈنكى جەمئىيەت ئىقتىساد، پەن-تېخنىكا بىر-بىرىگە چەمبەرچەس باغلىنىپ كەتكەن چوڭ سىستېما بولۇپ قالدى، ھېچكىم ئۆزىنى بۇ سىستېمىنىڭ سىرتىدا قالدۇرالمايدۇ.

ئوچۇقلۇق مەدەنىيەتنىڭ داۋام قىلىشى ۋە راۋاجلىنىشىدا ئوخشاشلا مۇھىم رول ئوينايدۇ. بولتۇر بىز

مېكسىكىنى زىيارەت قىلغاندا، مايىيا مەدەنىيىتى خارابىسىنىمۇ زىيارەت قىلىپ، چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە بولدۇق. مايىيالار ئاسىيالىقلارنىڭ ئەۋلادى ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئەجدادى ئاخىرقى مۇزلۇق (تەخمىنەن بۇنىڭدىن 20 مىڭ يىل بۇرۇن) دەۋرىدە ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىپ، بېرىنگ بوغۇزىدىن ئۆتۈپ، ئامېرىكا قىتئەسىدىن ئىبارەت يېڭى قۇرۇقلۇققا قەدەم قويغان، ئۇلار 20 مىڭ يىل تىرىكچىلىك قىلىپ ياشاپ، ئوتتۇرا ئامېرىكا قىتئەسىدە ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ مەنبەسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن. مايىيالار مىلادى 16-ئەسىردىمۇ يەنىلا تاش قورال دەۋرىدە تۇرغان، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى جەھەتتە ئۇلار ياۋروپا-ئاسىيا قۇرۇقلۇقىدىكىلەر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ ماڭالمىغان. مىلادى 1500-يىلدىن كېيىن، ئىسپانىيىلىكلەر تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندە، مايىيا مىللىتى قىلچە تاقابىل تۇرالمىغان، نەتىجىدە دەھشەتلىك زىيانكەشلىككە ئۇچراپ، زاۋاللىققا يۈزلەنگەن. بەزىلەر مۇنداق دېيىشىدۇ: مايىيالارنىڭ تارىخى شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، بۇ كىچىك جەمئىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمىغان، ئۇنىڭ ھاياتىغا بېكىنمىچىلىك زامىن بولغان.

جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان تارىخى بېكىنمىچىلىكنىڭ تەرەققىياتنى بوغىدىغانلىقىنى تېخىمۇ ئوچۇق كۆرسىتىدۇ. جېڭ خېنىڭ غەربكە بارغان ۋاقتى (1405-يىلى) كولومبونىڭ ئامېرىكا قىتئەسى يېڭى قۇرۇقلۇقنى بايقىغان ۋاقتى (1492-يىلى) دىن ئاز كەم 90 يىل بۇرۇن. لېكىن 1433-يىلى مىڭ سۇلالىسى-نىڭ شۈەنزۇڭ خانى جۇ جەنجى ئىشىكنى تاقاپ، دېڭىزغا سەپەر قىلىشقا رۇخسەت قىلمىغان. 18-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، چىڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى كاڭ شىمۇ پەرمان چۈشۈرۈپ دېڭىز قاتنىشى ۋە كانالارنى تاقاپ، جۇڭگو بىلەن چەتئەلنىڭ ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلىغان. 400 نەچچە يىللىق بېكىنىش نەتىجىسىدە، جۇڭگو سىرت بىلەن ئالاقە قىلماي، يەككە-يىگانە، يېتىم ھالەتتە ئۆتۈپ، نامراتلىشىپ كەتتى، ئارقىدا قالدى، جۇڭگودا نادانلىق ھۆكۈم سۈردى. ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن، جۇڭگونىڭ چىڭ تاقالغان دەرۋازىسىنى غەربتىكى كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ توپ-زەمبىرەكلىرى كۇكۇم-تالقان قىلىۋەتتى، بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان يۈز يىللىق خورلۇقنى تۈگىتىش تولىمۇ قىيىنغا توختىدى.

سانائەت ئىنقىلابىدىن بۇيانقى دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىمۇ ئېچىۋېتىشنىڭ مۇھىملىقىنى كۆرسەتتى. ئەنئەنىۋى سانائەتتە كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىياتى تېخنىكا جەھەتتىكى ئىلغارلىق ئاساسىغا ۋە دۇنياۋى ئەرزان باھالىق بايلىققا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئاساسىغا ئورنىتىلغان. ئارقىدا قالغان دۆلەتلەر تەرەققىيات دەۋرىگە قەدەم قويغاندا بۇنداق شەرت-شارائىت قالمىغانىدى، ئۇلارنىڭ چىقىش يولىمۇ ئوخشاشلا ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشتا. ئاسىيادىكى يېڭىدىن گۈللەنگەن بىرنەچچە سانائەت دۆلىتى ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش بىلەن تېز راۋاج تاپتى.

جۇڭگونىڭ پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى ئىقتىسادىي، پەن-تېخنىكا ئىشلىرىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشىمۇ ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنىڭ مۇھىملىقىنى كۈچلۈك دەلىل-ئىسپات بىلەن تەمىن ئەتتى. 1985-يىلدىن 1995-يىلغىچە، دۆلىتىمىز چەتئەلنىڭ مەبلىغىدىن پايدىلىنىش بويىچە تۈزگەن توختامدىكى مەبلەغ تەخمىنەن 400 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا، ئەمەلىي پايدىلانغان مەبلەغ

130 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى. چەتنىڭ سودىگەرلىرى بىۋاسىتە مەبلەغ سالغان كارخانا 260 مىڭغا، كىرگۈزۈلگەن يېڭى تېخنىكا، يېڭى مەھسۇلات بىرنەچچە يۈز مىڭغا يەتتى. بۇلار جۇڭگونىڭ ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش، يېڭى كەسىپلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈش، زامانىۋى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنى ئورنىتىش ۋە كېڭەيتىش، ئېكسپورتنى كۆپەيتىش ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، كىرگۈزۈش، قوبۇل قىلىش، ئۆزگەرتىش نەتىجىسىدە، جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي، تېخنىكا سەۋىيىسى زور دەرىجىدە ئۆسۈپ، جۇڭگونىڭ پەن-تېخنىكا خادىملىرىنىڭ يېڭى پەللىدە تۇرۇپ ئىلگىرىلەپ، دۇنيانىڭ ئىلغار سەۋىيىسى بىلەن تېخىمۇ تېز تونۇشۇش ۋە يېقىنلىشىشى ئۈچۈن ئىمكانىيەت تۇغۇلدى. خەلقئارا پەن-تېخنىكا ھەمكارلىقى ۋە ئالاقىسىنى يولغا قويۇش نەتىجىسىدە، بىز ئۈچۈر تېخنىكىسى جەھەتتە ئۇچقاندەك ئىلگىرىلىدۇق، مىكرو ئېلېكترون، ھېسابلاش ماشىنىسى سانائىتى، يۇمشاق زاپچاسنى قوللىنىش جەھەتلەردە تەرەققىي تاپقان ئەللەر بىلەن بولغان پەرقىمىز پەيدىنپەي كىچىكلەپ بارماقتا. بىئو تېخنىكا ساھەسى بىز بىرقەدەر ئارقىدا قالغان ساھە ئىدى، ھازىر مالېكۇلا بىئولوگىيىسى، ئىرسىيەت ئىلمى، بىئولوگىيىلىك قۇرۇلۇش قاتارلىقلار يېزا ئىگىلىكى، سانائەت، تىبابەتچىلىك ۋە چارۋىچىلىق ساھەلىرىدە كەڭ قوللىنىلماقتا، ئادەم گېنى ئۇستىدىكى ئىزچىل ئانالىز، شال گېنى ئۇستىدىكى ئانالىز، گېن يۆتكەش ئۆسۈملۈكى ۋە بىئوتېخنىكىلىق دورىلار جەھەتتىكى تەتقىقات، تەجرىبە ۋە ئىشلەپچىقىرىش قاتارلىق ساھەلەر ئېلىمىزنىڭ پەن-تېخنىكا ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ۋە سۈپىتىنىڭ ئۆسۈشىگە تۆھپە قوشتى. يۈز مىڭدىن ئارتۇق ياش ئالىم چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇدى، ئۇلارنىڭ بىرمۇنچىسى قايتىپ كېلىپ، ۋەتەن ئۈچۈن خىزمەت قىلماقتا ھەمدە ھەرقايسى سەپلەردە مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆتىمەكتە. بۇ جۇڭگو تارىخىدا ئىشكىنى ئەڭ كەڭ ئېچىۋېتىش نەتىجىسىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇۋەپپەقىيەت.

جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي، پەن-تېخنىكا ئىشلىرىنى تېز راۋاجلاندۇرىمەن دەيدىكەنمىز، داۋاملىق تۇردە ئىشكنى تېخىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىشىمىز، ئىشكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش سەۋىيىمىزنى ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك. تەرەققىي تاپقان ئەللەر بىلەن ھەتتا پۈتۈن دۇنيا بىلەن ئۆزئارا تەقەززا قىلىدىغان، ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن ھالەتنى، ئىشكنى تاقىۋالغىلى بولمايدىغان، سولنىپ قالمايدىغان پايدىلىق ۋەزىيەتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدىغانلا بولساق، بىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىمىز ۋە ئىلىم-پەن ئىشلىرىمىز ئىزچىل، تېز راۋاج تاپالايدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن، يىراق كەلگۈسىدىن قارىغاندا، جۇڭگونىڭ ئىشكنى ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇشىمىز ۋە كېڭەيتىشىمىز كېرەك. بۇ جۇڭگونىڭ پەن-تېخنىكا ئىشلىرىنىڭ ئىزچىل ئىلگىرىلەپ، ئۈزلۈكسىز تۈردە دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىدىكىلەرگە يېقىنلىشىپ، خەلقئارا ئىلغار سەۋىيىگە يېتەلىشىدە كەم بولسا بولمايدىغان زۆرۈر شەرت.

تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەللەردىكى خەلقتە، جۈملىدىن جۇڭگودىكى بەزى كىشىلەردە، چەتنىڭ ئىلغار تېخنىكىسىنى كىرگۈزۈشنى تەشەببۇس قىلغانلىق «ئەجنەبىيلەرگە چوقۇنغانلىق» دەيدىغان روھىي توسالغۇ بار. بۇنداق پىكىرلەر كۆپىنچە ۋەتەننى سۆيۈش مەقسىتىدە ساپ نىيەت بىلەن قىلىنغان پىكىر بولسىمۇ،

ئۇنى توغرا دەپ قارىغىلى بولمايدۇ. پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنىڭ دۆلەت تەۋەلىكى يوق. زامانىۋى پەن-تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرى—پۈتۈن دۇنيانىڭ ئورتاق بايلىقى، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنىڭ مەھسۇلى. ئۇزاق تارىخىي جەريانلاردا، ھەر بىر دۆلەت ۋە مىللەت زامانىۋى مەدەنىيەتكە ئۆزىنىڭ تېگىشلىك تۆھپىسىنى قوشتى، ئۇلارنىڭ تۆھپە قوشۇشى پەقەت ئىلگىرى-كېيىنلىك، ئاز-كۆپلۈك جەھەتتىلا پەرقلىنىدۇ، خالاس. تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر چەت ئەلنىڭ ئىلغار تېخنىكىسىنى تىرىشىپ قوبۇل قىلىپ، ئۇنى ئۆز دۆلىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە تەتبىقلىسا، بۇ بىر مىللەتنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا دەخلى يەتكۈزمەيدۇ، ئەكسىچە، ئالغا ئىلگىرىلەش روھىغا باي ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، دۆلىتىمىز نۇرغۇنلىغان ئىلغار تېخنىكا، ئۈسكۈنىلەرنى كىرگۈزۈپ، ھەزىم قىلىپ ۋە قوبۇل قىلىپ، ئىقتىساد ۋە پەن-تېخنىكا ئىشلىرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك راۋاجلىنىشىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى. بۇنداق قىلىش ئىلمىي قائىدىگە ئۇيغۇن، شۇنداقلا تامامەن زۆرۈر. بىزنىڭ دۇنياۋى ئېچىۋېتىش چوڭ سىستېمىسىغا كىرىپ، خەلقئارا ھەمكارلىق ۋە ئالاقىگە قاتنىشىشقا جۈرئىتىمىز ۋە ئىقتىدارىمىز يېتىدۇ. بۇنداق ئېچىۋېتىش مۇھىتى بىزنىڭ يېڭى ئاساس ئۈستىدە ئۆزىمىزنى راۋاج تاپقۇزۇپ ۋە زورايتىپ، ئۆز ئالدىمىزغا يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىمىزنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، پەن-تېخنىكىنىڭ ئالدىنقى سېپىگە تېخىمۇ تېز يېتىشىمىزگە پايدىلىق. دەرۋەقە، شۇنىمۇ سەگەكلىك بىلەن بىلىشىمىز كېرەككى، بۈگۈنكى دۇنيادا "ھەقسىز تاماق" بېرىدىغان ئىش يوق، قانداقتۇر "سېخىيلىق بىلەن ئىلتىپات قىلىدىغان" ئىشنىڭمۇ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، ھېچقانداق بىر دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ باشقىلارنىڭ "ئىلتىپاتى" بىلەن كۈچەيگىنى يوق. ئۆزى تىرىشمىغاننى خۇدا يۆلىمەيدۇ. بۈگۈنكى كۈندىكى كەسكىن خەلقئارا رىقابەت جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى ئۆز ئالدىغا يېڭىلىق يارىتىش جەھەتتە يېڭى سىناقلارغا يۈزلەندۈردى. پەن-تېخنىكا جەھەتتە كۈچلۈك يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولمايدىغان بولساق، خەلقئارا ئالاقىدە تەشەببۇسكار ئورۇنغا ئۆتەلىشىمىز ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولالىشىمىز مۇمكىن ئەمەس، باراۋەر ئالاقە ۋە ھەمكارلىقنىڭ يولغا قويۇلۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس، سەرخىل يۇقىرى تېخنىكا ساھەسىدە، ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئىلىم-پەن ساھەسىدە، سودا مەنپەئەتىگە چېتىلىدىغان يۇقىرى تېخنىكا ساھەسىدە، دۆلەت مۇداپىئەسىگە دائىر پەن-تېخنىكا ساھەسىدە ھېچكىم ئەڭ ئىلغار تېخنىكىسىنى بىزگە ئۆتۈنۈپ بەرمەيدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ پەن-تېخنىكا سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ئاساسەن ئۆزىمىزنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىغا، ئالىملىرىمىز ۋە ئىنژېنېرلىرىمىزنىڭ، ئەمگەكچى خەلقىمىزنىڭ ئەقىل-پاراسىتىگە ۋە كۈرەش قىلىش روھىغا تايىنىشىمىز كېرەك. ھالبۇكى ئىشىكنى سىرتقا تېخىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىش ئۆزىمىزنىڭ ئىجادكارلىقىنى جارى قىلدۇرۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان شەرتتۇر.

پۈتۈن مەملىكەت ئۈچۈن ئېيتقاندا شۇنداق، بىرەر ئۆلكە، بىرەر شەھەر ئۈچۈن ئېيتقاندىمۇ شۇنداق. ھازىردىن تارتىپ كېلەركى ئەسىرگىچە ھەرقايسى ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلار ئىشىكنى تېخىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى داۋاملىق يولغا قويۇشى كېرەك. دۆلەت سىرتىغىلا ئەمەس، دۆلەت ئىچىدىمۇ

ھەرقايسى ئۆلكە، شەھەرلەرگە ئىشكنى ئېچىۋېتىش كېرەك. بۇ سىياسەتنى تېخىمۇ ئوبدان ئىجرا قىلىپ، ئىشكنى مەملىكەت ئىچىگە ۋە سىرتىغا ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى تىرىشىپ كېڭەيتكەندىلا، ئاندىن تەرەققىيات ئىقتىدارىمىزنى ۋە ئېگىلىق يارىتىش ئىقتىدارىمىزنى كۈچەيتەلەيمىز. ئېچىۋېتىش بىلەن ئېگىلىق يارىتىش بىر-بىرىنى تولۇقلايدۇ، بىر-بىرىگە مەنپەئەت يەتكۈزىدۇ، بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى كەم بولۇپ قالسا بولمايدۇ.

ئالغا ئىلگىرىلەش داۋامىدا قىيىنچىلىققا يولۇقۇشىمىز تۇرغان گەپ، ھازىر تەرەققىي تاپقان ئەللەر بىلەن بولغان پەرقىمىز خېلى چوڭ. لېكىن، ئۇزاق تارىخىي جەرياندىن قارىغاندا، يېقىنقى زاماندىكى قالاقلىق ۋاقىتلىق ھادىسىدىنلا ئىبارەت. دۆلەتنى پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇپ، ئىلىم-پەن، مائارىپ ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئارىسىدا ئىلىم-پەنگە ھۆرمەت قىلىدىغان، ئىلىم-پەنگە ئىنتىلىدىغان ئەنئەنىۋى روھنى پەيدىنپەي ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدىغان، ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىدىغانلا بولساق، چوقۇم كېلەركى ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا جۇڭگونىڭ زامانىۋىلىشىشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ ۋە پەن-تېخنىكا ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن مىللىتىمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ تېگىشلىك تۆھپىسىنى قوشالايمىز.

تەرجىمە قىلغۇچىلار: تۇرسۇن رەھىم
قاھار پولات
ئايشەم تاۋار
رىسالەت ئابلا
مەسئۇل مۇھەررىر: ئەخمەتجان ھوشۇر

# تەكرار قوْرۇلۇش قىلىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش توغرىسىدىكى تەكشۈرۈش دوكلاتى

جۇڭگو سودا-سانائەت بانكىسى تەتقىقات تېمىسى گۇرۇپپىسى

مەركەزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشەش سالمىقىنى ئاشۇرۇش، تەكرار قۇرۇلۇش قىلىش مەسىلىسىنى قەدەممۇقەدەم ھەل قىلىش ۋە تېخىمۇ زور كۆلەمدىكى تەكرار قۇرۇلۇشنىڭ يېڭىدىن يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىش توغرىسىدىكى يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، بىز مەملىكەت بويىچە تايانچ كەسىپتىن ئالتە كەسىپنى تەكشۈردۇق. تەكشۈرۈش نەتىجىسى ئىسپاتلىدىكى، تەكرار قۇرۇلۇش قىلىش مەسىلىسى ھەقىقەتەن ئېغىر، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ مەسىلە بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ، ھەل قىلمىسا بولمايدىغان دەرىجىگە يەتكەن.

## (1)

8-بەش يىللىق پىلان مەزگىلى دەل ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھاتى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم مەزگىلى بولۇپ، ئاساسىي كەسىپلەر ۋە تايانچ كەسىپلەرنى يېتىشتۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتا گەۋدىلىك نەتىجىلەر قولغا كەلدى، بۇ ئىقتىسادنىڭ تېز سۈرئەتتە يۈكسىلىشىگە كۈچلۈك تۈرتكىلىك رولىنى ئوينىدى. تېز، مۇقىم تەرەققىي قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بەزى سەل قاراشقا بولمايدىغان مەسىلىلەرمۇ ساقلانماقتا. گەۋدىلىكرەكلىرى ”چوڭ ھەم مۇكەممەل بولۇش، كىچىك ھەم مۇكەممەل بولۇش“، قارىغۇلارچە مەبلەغ سېلىش ۋە تارقاق ھالدا تەكرار قۇرۇلۇش قىلىش، ھەم شۇنىڭدىن كېلىپ چىققان مەبلەغ بىلەن قۇرۇلۇشنىڭ ئۈنۈمى يۇقىرى بولماسلىق، تايانچ كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتى نىسبەتەن ئاستا بولۇش، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مەركەزلىشىش دەرىجىسى ئۈستۈن بولماسلىق، رايونلارنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسى ئوخشاپ كېتىش، بانكىلار بەرگەن قەرزنىڭ سۈپىتى يامانلىشىپ كېتىش قاتارلىق مەسىلىلەردىن ئىبارەت.

تاياچ كەسىپلەر تەكرارلىنىش، مەبلەغ تارقاقلىشىپ كېتىش ئەھۋالى ئېغىر، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىدىن پايدىلىنىش نىسبىتى تۆۋەن بولۇپ، تاياںچ كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتى يېتەرلىك بولماسلىق بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى نىسبەتەن ئېشىپ كېتىش تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتەك ۋەزىيەتنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. 8-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ئېلىمىزدە ماشىنىسازلىق، نېفىت-خىمىيە، ئېلېكتر-

رون، مىسال، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى قاتارلىق 8 خىل كەسىپنىڭ مەھسۇلات قىممىتىنىڭ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 38.84% بولۇپ، 7-بەش يىللىق پىلاننىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكىدىن 4.5 پىرسەنتلا ئاشقان. بۇنىڭ ئىچىدە، ماشىنا، نېفىت-خىمىيە، ئېلېكترون قاتارلىق تايانچ كەسىپلەرنىڭ 1995-يىللىق مەھسۇلات قىممىتىنىڭ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى ئايرىم-ئايرىم ھالدا 3.57%، 3.41% ۋە 6.77% بولغان. ۋەھالەنكى، تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردە، بولۇپمۇ ئامېرىكا، ياپونىيە، گېرمانىيە، فرانسىيە تۆت دۆلەتتە تايانچ كەسىپلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدىغان ماشىنا ۋە ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى كەسىپىنىڭ 1989-يىللىق مەھسۇلات قىممىتىنىڭ شۇ دۆلەتلەرنىڭ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى ئايرىم-ئايرىم ھالدا 40.2%، 44.8%، 74.1% ۋە 37.6%كە يەتكەن. يۇقىرىقى ئەھۋاللار بىلەن بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغىنى تايانچ كەسىپلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىدىن پايدىلىنىش نىسبىتىنىڭ تۆۋەنلىكىدىن ئىبارەت. مەملىكەت بويىچە 3-قېتىملىق سانائەتنى تەكشۈرۈشتە تايانچ كەسىپكە تەۋە 20 خىل ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتى ئۈستىدىن چىقىرىلغان ستاتىستىكىلىق مەلۇماتلارغا قارىغاندا، 8-بەش يىللىق پىلاننىڭ ئاخىرىغىچە يېرىمىدىن ئارتۇق مەھسۇلاتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىدىن پايدىلىنىش يېتەرلىك بولمىغان، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشلەپ-چىقىرىش ئىقتىدارىدىن پايدىلىنىش ئېغىر دەرىجىدە يېتەرلىك بولماي، بىكار تۇرۇپ قالغان ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 50% تىن ئارتۇقنى ئىگىلىگەن مەھسۇلات 7 خىل بولۇپ، 35%نى ئىگىلەيدۇ؛ ئېلېكترون، ماشىنا، موتسىكلىت، قىسمەن ماشىنىسازلىق مەھسۇلاتلىرى ۋە پولات ماتېرىياللىرى قاتارلىق تايانچ كەسىپلەرمۇ بۇنىڭ ئىچىدە بولۇپ، ماشىنا كەسىپىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنىڭ بىكار تۇرۇپ قېلىش نىسبىتى 55.93% كە يەتكەن.

تەكرار قۇرۇلۇش قىلىش ئارقىسىدا، تايانچ كەسىپلەردە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مەركەزلىشىش دەرىجىسى تۆۋەن بولدى؛ چوڭ كارخانىلارنىڭ كۆلەملىك ئۈنۈمىنى جارى قىلدۇرۇش توسقۇنلۇققا ئۇچرىدى، كىچىك كارخانىلارنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق تەرەققىي قىلىشى چەكلەنمىدى، ئوتتۇرىچە ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى يەنىلا كىچىك بولۇۋاتىدۇ. ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، يىلىغا 50 مىڭدىن ئارتۇق ماشىنا ئىشلەپچىقىرىدىغان ۋە 100 مىڭ توننىدىن ئارتۇق پولات ئىشلەپچىقىرىدىغان چوڭ تىپتىكى كارخانىلار مۇشۇ ئىككى چوڭ كەسىپتىكى كارخانا ئومۇمىي سانىنىڭ 3 پىرسەنتىنىلا ئىگىلەيدۇ؛ قالغان 316 ماشىنا ئىشلەپچىقىرىدىغان زاۋۇت ۋە 842 پولات زاۋۇتى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1700 ماشىنا ۋە 420 مىڭ توننا پولاتنىلا ئىشلەپچىقارغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئېلىمىزدىكى چوڭ كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتى يېتىشمەي، كۆلەملىك ئۈنۈمنى جارى قىلدۇرۇش توسقۇنلۇققا ئۇچراۋاتىدۇ. دۆلەت ستاتىستىكا ئىدارىسى ئېلان قىلغان سانغا ئاساسلانغاندا، 1995-يىلى پۈتۈن سانائەتنىڭ ئاشقان قىممىتى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 14% ئاشقان، چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىلارنىڭ 10.2 پىرسەنتلا ئاشقان بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئېشىش سەۋىيىسىدىن ئاز كەم 4% تۆۋەن بولغان، يېزا-بازار كارخانىلىرى، خەلق باشقۇرغان كارخانىلار، شەخسىلەر باشقۇرغان كارخانىلار قاتارلىق باشقا تىپتىكى كارخانىلارنىڭ ئېشىش سەۋىيىسىدىن تېخىمۇ تۆۋەن بولۇپ،

ئاز كەم 9% تۆۋەن بولغان، تايانچ كەسپلەر ئىچىدە، مەھسۇلات قىممىتى ۋە سېتىش مىقدارىنىڭ يېرىمىدىن ئارتۇقىنى ئوتتۇرا-كىچىك كارخانىلار ئىگىلىگەن.

تەكرار قۇرۇلۇش قىلىش نەتىجىسىدە، رايونلار سانائىتىنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسى ئوخشاپ كېتىدىغان ئەھۋال ئېغىرلىشىپ، رايونلار ئارا كەسىپ بويىچە ئىش تەقسىماتىنى يولغا قويۇش ئۈنۈمىنى يوقاتقان. ھېسابقا ئاساسلانغاندا، ئېلىمىزدە تايانچ كەسپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتە ھەقىقىي ئۈستۈنلۈككە ئىگە رايونلار چەكلىك. ئاشقان قىممەتنىڭ رايون نىسبىتى، سېتىلىش كىرىمىنىڭ رايون نىسبىتى ۋە مەبلەغنىڭ پايدا-باج نىسبىتى قاتارلىق ئۈچ خىل كۆرسەتكۈچ بويىچە تەكشۈرگەندە، مەملىكەت بويىچە ماشىنا ئىشلەپچىقىرىدىغان 23 ئۆلكە، ئاپتونوم رايوندا، رايون نىسبىتى بىردىن چوڭ بولغان، يەنە كېلىپ مەبلەغنىڭ پايدا-باج نىسبىتى مەملىكەت بويىچە ئوخشاش كەسپتىكىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن يۇقىرى بولغانلىرى پەقەت 6 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون؛ مەملىكەت بويىچە ئېلېكترون سانائىتى بار رايونلار ئىچىدە، ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمى بىرقەدەر ياخشىراقلىرى ئارانلا 8 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون؛ نېفىت-خىمىيە سانائىتىدە ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى بىرقەدەر چوڭ، ئۈنۈمى ياخشىراقلىرى پەقەت 9 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون. باشقا كۆپچىلىك رايونلار قارىغۇلارچە تەكرار قۇرۇلۇش قىلىش ھالىتىدە بولۇپ، ئۈنۈمى بەك تۆۋەن.

تەكرار قۇرۇلۇش قىلىش نەتىجىسىدە، تايانچ كەسىپ ۋە نۇقتىلىق تەرەققىي قىلدۇرۇلىدىغان كەسپلەرگە بېرىلگەن قەرزدىن تېگىشلىك ئۈنۈم ھاسىل بولمىدى، قەرزنىڭ سۈپىتى تۆۋەن بولدى. بانكىمىزنىڭ ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، 8-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە سودا-سانائەت بانكىسى دۆلەتنىڭ كەسىپ سىياستى بويىچە نۇقتىلىق تەرەققىي قىلدۇرۇلىدىغان كەسپلەر، ئاساسىي كەسپلەر ۋە تايانچ كەسپلەرگە بەرگەن قەرزنىڭ ئومۇمىي مىقدارى ئوخشاش مەزگىلدىكى بېرىلگەن ئاشقان قەرز پۇل ئومۇمىي مىقدارىنىڭ 60%تىن ئارتۇقراقىنى ئىگىلەيدۇ. لېكىن تايانچ كەسپلەر ۋە نۇقتىلىق كەسپلەرنىڭ تەرەققىياتىدا يۇقىرىقى-دەك مەسىلىلەر ساقلانغانلىقتىن، بېرىلگەن قەرزنىڭ سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىگە قاتتىق تەسىر يەتتى. 8-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە تۆت چوڭ كەسپىي بانكىنىڭ ئۈنۈمى روشەن ھالدا تۆۋەنلىدى، ئۈچ خىل قەرزنىڭ نىسبىتى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئۆرلەپ كەتتى، پۇل مۇئامىلە مۈلكىنىڭ سۈپىتى تۆۋەن، ئۈنۈمى ناچار بولۇپ، يوشۇرۇن پۇل مۇئامىلە خەۋپى شەكىللىنىپ قالدى.

تەكرار قۇرۇلۇش قىلىش نەتىجىسىدە، مەبلەغكە بولغان نامۇۋاپىق تەلەپ ۋە نامۇۋاپىق ئىگىلىۋېلىنغان مەبلەغ كۆپىيىپ، پۇل پاخاللىقىغا بولغان بېسىمنى ئاشۇرۇۋەتتى. تارقاق بولغان كۆپ مەبلەغ سېلىش سۇبيېكتلىرىنىڭ ئوخشاش بىر ياكى بىرقانچە پىششىقلىما سانائەتكە قارىغۇلارچە تەكرار مەبلەغ سېلىشى پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ مەبلەغ سېلىش ئورۇنلاشتۇرمىسى ۋە ئىجتىمائىي ئومۇمىي تەمىنلەش-تەلەپنىڭ تەڭپۇڭ-لۇقىنى شۇنداقلا كەسپلەرنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى بۇزۇپ، مۇناسىۋەتلىك كەسپلەرنىڭ ھەتتا پۈتۈن جەمئىيەت-نىڭ زەنجىرسىمان مەبلەغ سېلىشىنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. تەكرار مەبلەغ سېلىش كەلتۈرۈپ چىقارغان قارىغۇلارچە كېڭىيىپ كېتىش پۇل مۇئامىلىسىدە مۇقەررەر ھالدا پۇل ئومۇمىي

مىقدارىنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىگە تۈرتكە بولىدىغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھازىرقى بار بولغان تەكرار قۇرۇلۇشلارنى تامامالاش ئۈچۈنمۇ يەنە خېلى كۆپ مىقداردىكى مەبلەغنى سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، دېمەك، مەبلەغ سېلىش كۆلىمى ئەسلىدىلا ناھايىتى چوڭ بولغان ئەھۋالدا، يەنە بىر قىسىم مەبلەغنى سېلىشقا ۋە ئىگىلىۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ.

## 2

مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىدا تەكرار قۇرۇلۇش قىلىش ئەھۋالىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى سەۋەبلەر كۆپ تەرەپلىمىلىك. نۆۋەتتە مەملىكىتىمىز بازار ئىگىلىكىگە ئۆتۈش دەۋرىدە تۇرۇۋاتىدۇ، مەمۇرىي مېخانىزمنىڭ رولى بارغانسېرى ئاجىزلىشىۋاتىدۇ، لېكىن ئۇ ئىقتىسادىي ساھەدىن تېخى تولۇق چىقىپ كەتكىنى يوق؛ گەرچە بازار مېخانىزمى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەنگەن بولسىمۇ، ئۇ تېخى مۇكەممەللەشمىدى، بازار سۇبيېكتىنى ۋە ھەرىكىتىنى چەكلەيدىغان بىر تۇتاش قائىدە تېخى شەكىللەنمىدى، بازارنىڭ قارىغۇلۇقىنى ئۈنۈملۈك تەڭشەش-تىزگىنلەش تېخى ئەمەلگە ئاشمىدى. بۇ خىل قارىغۇلۇق بىلەن مەمۇرىي ئارىلىشىشتىكى سۇبيېكتىپلىقنىڭ گىرەلىشىپ كېتىشى مۇقەررەر ھالدا تەكرار قۇرۇلۇش قىلىش مەسىلىسىنى تېخىمۇ گەۋدىلەن-دۈرىدۇ. ماكرو جەھەتتىكى ۋە مېخانىزم جەھەتتىكى سەۋەبلەردىن تاشقىرى، يەنە مۇنداق ئالتە تەرەپتىكى كونكرېت سەۋەبمۇ بار.

**(1) ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى ۋە ئۈسكۈنىلىرىنىڭ قالاقلىقى—تەكرار قۇرۇلۇش قىلىش مەسىلىسىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى.** نۆۋەتتە مەملىكىتىمىزدە سانائەتنىڭ ئومۇمىي تېخنىكا سەۋىيىسى ۋە ئۈسكۈنە سەۋىيىسى ناھايىتى تۆۋەن، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە پەقەت 20% ئەتراپىدىكى كارخانىلار 80-يىللاردىكى خەلقئارا ئىلغار تېخنىكا، ئۈسكۈنە سەۋىيىسىگە يېتىدۇ، 22% كارخانا دۆلەت ئىچىدىكى ئىلغار سەۋىيىگە يېتىدۇ، كۆپ قىسىم كارخانىلار پەقەت دۆلىتىمىزنىڭ 60-، 70-يىللاردىكى سەۋىيىسىدە تۇرۇۋاتىدۇ، يەنە بىر قىسىم كارخانىلار پەقەت 20-، 30-يىللاردىكى سەۋىيىدە تۇرۇۋاتىدۇ، ئىشلىتىلىش ۋاقتى ئېشىپ كەتكەن ئۈسكۈنىلەر 15%تىن ئاشىدۇ. تېخنىكا سەۋىيىسى تۆۋەن بولغان بۇنداق ئىشلەپچىقى-رىش قۇرۇلمىسى شارائىتىدا مەملىكىتىمىز سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلاتىنى ۋە ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى ئاشۇرۇشتا ئاساسلىقى ئادەم كۈچىنى ۋە مەبلەغنى سېلىشقا تايىنىپ كەلدى، نەتىجىدە كۆپ مەبلەغ سېلىپ ئاز ئۈنۈم كۆرۈش، يېڭى قۇرۇلۇش قىلىشقا بېرىلىپ كېتىش، ئاساسىي قۇرۇلۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا سەل قاراش مەبلەغ سېلىشتىكى مۇقەررەر خاھىشقا ئايلىنىپ قالدى؛ بۇ خىل مەبلەغ سېلىش خاھىشى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسىنىڭ تۆۋەن تېخنىكا سەۋىيىسىنى مۇقىملاشتۇرۇۋەتتى. تېخنىكىغا مەبلەغ سېلىشتا مەبلەغنى كۆپ تەلەپ قىلغاچقا، كۆلەملىك ئىگىلىك ئۆلچىمە-دىن تۆۋەن تۇرىدىغان كارخانىلارنىڭ يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلارنى كىرگۈزۈشكە ۋە ئىلغار ئۈسكۈنىلەرنى

سېتىۋېلىشقا ئىمكانىيىتى بولمىدى، شۇ سەۋەبتىن يېقىنقى ئون يىل ئىچىدە زور مىقداردا مەبلەغ سېلىپ يېڭىدىن قۇرغان ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلار تاللىغان تېخنىكا باشلىنىش نۇقتىسى ۋە ئۈسكۈنە سەۋىيىسى بىرقەدەر تۆۋەن بولدى. مۇشۇنداق تېخنىكا باشلىنىش نۇقتىسى ۋە ئۈسكۈنە سەۋىيىسى تۆۋەن بولغان ئاساستا زور مىقداردا ھەم تەكرار مەبلەغ سېلىش بىلەن، تىپىك مەنىدىكى تەكرار قۇرۇلۇش شەكىللەندى. بۇنىڭ ئارقىسىدا تېخنىكا سەۋىيىسى تۆۋەن بولغان ھەددىدىن ئارتۇق كارخانىلار تايانچ كەسىپلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلدى، تۆۋەن دەرىجىلىك ۋە تۆۋەن سۈپەتلىك بولغان ھەددىدىن ئارتۇق مەھسۇلاتلار ئىچكى بازارنى ئىگىلىۋالدى، ئۇنىڭ بىلەن دۆلەت ئىچىدىكى ئېھتىياجنىڭ ئالىيلىشىش يۈزلىنىشى ئوتتۇرىسىدا كۈچلۈك ئەكس ئەرق پەيدا بولدى، بۇ ھال مۇقەررەر ھالدا دۆلەت ئىچىدىكى مەھسۇلاتلار بازاردا تويۇنۇپ كېتىدىغان، مەھسۇلاتلارنىڭ ئۆمرى ھەددىدىن ئارتۇق قىسقا بولىدىغان، مەھسۇلاتلار ئېغىر ھالدا بېسىلىپ قالىدىغان، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى كۆپلەپ بىكار تۇرۇپ قالىدىغان ۋە نىسبەتەن ئېشىپ قالىدىغان ۋەزىيەتنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

**(2) تايانچ كەسىپلەرنىڭ كەسىپ پەرقى پايدىسىنى قارىغۇلارچە قوغلىشىش—تەكرار قۇرۇلۇش قىلىشنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى.** بەلگىلىك ۋاقىت ئىچىدە بەزى كەسىپلەر باشقا كەسىپ ياكى سانائەتنىڭ ئوتتۇرىچە پايدا نىسبىتىدىن يۇقىرى پايدا ئالالايدۇ، مانا بۇ كەسىپ پەرقى پايدىسى بولىدۇ. تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، مەملىكىتىمىزدە ھازىرقى باسقۇچتا كەسىپ پەرقى پايدىسىنى ئالالايدىغان كەسىپلەر ئاساسەن تايانچ كەسىپلەر ۋە نۇقتىلىق تەرەققىي قىلدۇرۇلىدىغان كەسىپلەرگە تارقالغان، كەسىپ پەرقى پايدىسى نىسبەتەن گەۋدىلىك بولغانلىرى ماشىنا ياساش، نېفىت-خىمىيە سانائىتى، ئېلېكترونلۇق ئالاقە، پولات تاۋلاش سانائىتى، رەڭلىك مېتال، تاماكا كەسپى، نېفىت ئېچىش قاتارلىق كەسىپلەردىن ئىبارەت، بۇلارنىڭ ئومۇمىي پايدا نىسبىتى سانائەتنىڭ ئوتتۇرىچە پايدا نىسبىتىدىن يۇقىرى، بەزىلىرىنىڭ ھەتتا ئون نەچچە ھەسسە يۇقىرى. كۆرۈنەرلىك كەسىپ پەرقى پايدىسى تايانچ كەسىپلەرنى مەبلەغنى كۈچلۈك جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە قىلىدۇ. مەركەز مالىيىسى بىلەن يەرلىك مالىيە ئايرىۋېتىلگەن مالىيە-باج تۈزۈلمىسى ئاستىدا، يەرلىكنىڭ ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ئاكتىپلىقى ئىنتايىن زور دەرىجىدە ئىشقا سېلىندى. لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەرقايسى رايونلار پايدىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن، كەسىپ پەرقى پايدىسىنى ئېلىۋېلىش مەقسىتىدە، ئۆزىنىڭ تەرەققىيات شارائىتىنى ھازىرلىغان-ھازىرلىمىغانلىقىغا قارىماي، بەس-بەس بىلەن تايانچ كەسىپلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلدىغان بولدى.

**(3) كۆپ مەنبەلىك مەبلەغ سېلىش سۇبيېكتلىرىنىڭ تارقاق مەبلەغ سېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا مۇناسىپ ھالدا مەبلەغ سېلىشتىن كېلىدىغان خەتەرنى ئۈستىگە ئالماسلىقى— تەكرار قۇرۇلۇش قىلىشنىڭ رېئال سەۋەبى.** 8-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە مەملىكىتىمىزدە يېڭىدىن كۆپەيگەن ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغى ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 57 پىرسەنتى يەرلىكنىڭ سالغان مەبلىغى بولۇپ، 7-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى 45.2 %تىن 11.8 % ئاشقان. شۇ مەزگىلدە پۈتۈن جەمئىيەت بويىچە يېڭىلاش-ئۆزگەرتىش مەبلىغى ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 71 پىرسەنتى يەرلىكتىن كەلگەن. بۇ يەرلىك مەبلەغنىڭ مەملىكىتىمىز

قۇرۇلۇش مەبلىغىنىڭ ئاساسىي قىسمىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بىراق، يەرلىك مەبلەغ ئۈچ جەھەتتىن چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ. بىرىنچى، يەرلىك مالىيە مەنبەسىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ، ئۆزىدىكى مالىيە كۈچىنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن پەقەت كىچىك كۆلەملىك قۇرۇلۇشلا ئېلىپ بارالايدۇ، نەتىجىدە يەرلىكنىڭ تايانچ كەسىپلەرگە سالغان مەبلىغىنىڭ كۆپىنچە ئىنتايىن كىچىك كۆلەمدىكى نۇرغۇن تۈرلەرگە بۆلۈنۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئىككىنچى، رايونلارنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى مەھسۇلاتلار بازىرىنىڭ ئومۇمىي يۈزلىنىشىنى ئىگىلىيەلمەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بازارنىڭ ئىنكاسى ئارقىدا قالغاچقا، ئومۇمىي دائىرىدىن قارىغاندا تەكرار ئىشلەپچىقىرىلغان ۋە بېسىلىپ قالغان مەھسۇلاتلارنى ھەرقايسى رايونلارغا تارقالغان كارخانىلار يەنىلا داۋاملىق ئىشلەپچىقىرىدۇ، ھەتتا يېڭى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسىنى قۇرىدۇ. ئۈچىنچى، تارقاق بولغان مەبلەغ سېلىش ھوقۇقى مەبلەغ سېلىشتا ئۇچرايدىغان خەتەرنى ئۈستىگە ئېلىش مەسئۇلىيىتى بىلەن چەكلەنمەيدۇ، مەبلەغ سېلىشنى قارار قىلغۇچىلار مەبلەغ سېلىشتا ئۇچرايدىغان خەتەرنى ئۈستىگە ئالمايدۇ، ئەكسىچە مەبلەغ سېلىشتىن كېلىدىغان پايدىدىن تەڭ بەھرىمەن بولالايدۇ، شۇنىڭ بىلەن يەرلىكنىڭ قارىغۇلارچە مەبلەغ سېلىش قىزغىنلىقى كۈچىيىدۇ. دېمەك، يەرلىك مەبلەغنىڭ چەكلىملىكى ۋە يەرلىك مەبلەغ سالمىقىنىڭ چوڭىيىشى مەبلەغنىڭ كىچىك تىپتىكى تۈرلەرگە سېلىنىپ كېتىش، تارقاقلىشىش يۈزلىنىشىنى ئېغىرلاشتۇرىۋەتتى.

**(4) مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش يولىنىڭ تارقاقلىشىشى تەكرار قۇرۇلۇش قىلىشنى مەبلەغ تىرىكى بىلەن تەمىنلىدى.** مەبلەغ سېلىشنىڭ تارقاقلىشىشى ۋە كۆپ مەنبەلىشىشىگە ماسلاشقىنى كرېدىت مەبلىغىنىڭ تارقاقلىشىشى ۋە كۆپ مەنبەلىشىشىدىن ئىبارەت. يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بۇيان دۆلەت ئىگىلىكىدە بولمىغان پۇل مۇئامىلە ئورگانلىرىنىڭ پۇل مۇئامىلە ئومۇمىي مىقدارىدا ئىگەللىگەن نىسبىتى ئۈچتىن بىر قىسمىغا يېتىپ، ۋاستىلىك ھالدا مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشنىڭ ئاساسلىق يوللىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، زايوم تارقىتىش، پاي توپلاش، خەلق ئارىسىدىن مەبلەغ توپلاش ۋە ھەر خىل فوندلارنى بەرپا قىلىش قاتارلىق بىۋاستە مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش ئىشىدا زور تەرەققىياتلار بولدى، جەمئىيەتتىكى مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش يولى تارقاقلاشتى. بۇنىڭ بىلەن دۆلەتنىڭ پۇل مۇئامىلىسىنى بىۋاستە تەڭشەش-تىزگىنلەش دائىرىسى تارايدى، پۈتۈن جەمئىيەت بويىچە كرېدىت مەبلىغىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى دۆلەت كرېدىت پىلانىنىڭ كونترول قىلىشىدىن ئايرىلىپ، تارقاق بولغان تەكرار قۇرۇلۇش ئۈچۈن مەبلەغ تىرىكى بىلەن تەمىنلىدى. مەملىكىتىمىزدە كەسپىي بانكىلار مەمۇرىي رايونلار بويىچە ئورگانلارنى تەسىس قىلغاچقا، يەرلىكنىڭ مەبلەغنى تارقاق سېلىش سىياسىتىنىڭ تەسىرىگە ۋە تىزگىنلىشىگە ئۇچرىماي قالمايدۇ، ئۇلارنىڭ مەبلەغنى ئىشقا سېلىشىدىمۇ بەلگىلىك دەرىجىدە تارقاقلىشىش، يەرلىكلىشىش يۈزلىنىشى مەۋجۇت.

**(5) بازارنىڭ مەمۇرىي خاراكتېرلىك بۆلۈنۈشى ۋە رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى توساق ۋە قورۇقچىلىق تەكرار قۇرۇلۇش قىلىشنىڭ ئۇزاق مۇددەت مەۋجۇت بولۇشى ۋە بارغانسېرى كۈچىيىشىدىكى شەرت.** تايانچ كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش شارائىتىنى ھازىرلىمىغان نۇرغۇن رايونلار يەرلىك كارخانىلارنىڭ تايانچ كەسىپلەر قاتارىغا كىرىشىگە يار-يۆلەك بولۇش ئۈچۈن، كۆپ چاغلاردا بازارنى

بۆلۈۋېتىش، سودا توساقلىرىنى تەسىس قىلىش قاتارلىق يەرلىك قورۇقچىلىق تەدبىرلىرىنى، جۈملىدىن سىرتتىنىڭ مەھسۇلاتلىرىنىڭ مۇشۇ رايونغا كىرىشىنى توسۇش، مۇشۇ رايوندا پەقەت يەرلىك مەھسۇلاتلارنىلا ئىستېمال قىلىشنى بەلگىلەش، سىرتتىنى تەمىنلەيدىغان خام ئەشيا-ماتېرىياللارنىڭ باھاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم باھاسى يۇقىرى، سۈپىتى ناچار مەھسۇلاتلارنىڭ تەكرار ئىشلەپچىقىرىلىشى يەرلىك قورۇقچىلىقنىڭ ياردىمى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ، چوڭ بازاردىكى نورمال رىقابەتتە شاللىنىپ كېتىشكە تېگىشلىك بەزى تۆۋەن سەۋىيىلىك كىچىك كارخانىلار ئۇزاق مۇددەت ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدۇ، كۆلەملىك ئىشلەپچىقىرىش ئاساسىدىكى ئۈستۈنلۈكتە تۇرىدىغان مەھسۇلاتلار ۋە چوڭ كارخانىلار بولسا تەرەپ-تەرەپتىن چەكلىنىپ ۋە چەتكە قېقىلىپ، رايونلار ئارىسىدىكى توساقنى بۆسۈپ ئۆتەلمەيدۇ، باشقا رايونلاردىكى بازارنى ئاچالماي تولۇق تەرەققىي قىلالمايدۇ. بۇ خىل يەرلىك قورۇقچىلىق بازاردىكى نورمال رىقابەتنى كۈچتىن قالدۇرىدۇ، كۆلەملىك ئۈنۈم قانۇنىنى كۈچتىن قالدۇرىدۇ، نەتىجىدە خېلى كۆپ قىسىم مەھسۇلات بازىرى تەكرار قۇرۇلغان ئوتتۇرا-كىچىك كارخانىلار تەرىپىدىن ئىگەللىنىپ كېتىپ، كۆلەملىك ئىگىلىكنى يولغا قويغان چوڭ كارخانىلارنىڭ بازىرى تارىيىدۇ، چوڭ كارخانىلارنىڭ كۆلەملىك ئۈنۈمىنى جارى قىلدۇرۇشى چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ. تېخىمۇ ئېغىرى شۇكى، بۇ خىل يەرلىك قورۇقچىلىق ئاساسىدىكى تەكرار قۇرۇلۇش مەملىكىتىمىز مىللىي سانائىتىنىڭ رىقابەت ئىقتىدارىنى تۆۋەنلىتىۋېتىپ، چەت ئەل تاۋارلىرى ۋە كاپىتالىنىڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ دۆلىتىمىز بازىرىغا قىستىلىپ كىرىۋېلىپ، مىللىي سانائەت بىلەن ئىچكى بازىرىمىزنى تالىشىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىدۇ، بۇ ھال مىللىي سانائەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا چوڭ تەھدىت سالىدۇ.

**(6) كەسىپ سىياسىتىنىڭ مۇكەممەلسىزلىكى ۋە ئۈنۈملۈك يولغا قويۇش ۋاستىلىرىنىڭ كەمچىللىكىمۇ تەكرار قۇرۇلۇشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان سەۋەبلەرنىڭ بىرى.** بىرىنچى، كەسىپ سىياسىتىدە كىرىشنى چەكلەش توغرىسىدىكى ئېنىق ھەم قانۇنىي كۈچكە ئىگە بەلگىلىمە كەمچىل، جۈملىدىن مەبلەغ سېلىش كۆلىمى ۋە مەبلەغ سېلىش تۈرىنىڭ تېخنىكىلىق دەرىجە ئۆلچىمى جەھەتلەردىن كىرىشنى چەكلەش توغرىسىدىكى بەلگىلىمە كەمچىل. ئىككىنچى، رايونلارنىڭ كەسىپ ئورۇنلاشتۇرمىسىنى تىزگىنلەشكە ئېتىبار بېرىش يېتەرلىك بولمىدى، بۇنىڭ كەسىپ سىياسىتىدىكى ئىپادىسى رايونلارنى ئايرىپ كەسىپ ئورۇنلاشتۇرمىسى ۋە كەسىپ قۇرۇلمىسىنى بەلگىلەش توغرىسىدا سىياسەت خاراكتېرلىك بەلگىلىمىلەرنىڭ كەمچىللىكىدىن ئىبارەت. ئۈچىنچى، كەسىپ سىياسىتىنى ئۈنۈملۈك يولغا قويىدىغان قانۇنىي، مەمۇرىي ۋە ئىقتىسادىي ۋاستىلەر كەمچىل، بۇنىڭ گەۋدىلىك ئىپادىسى كەسىپ سىياسىتىنىڭ يولغا قويۇلۇشى قانۇن چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدىغانلىقى، كەسىپ سىياسىتىگە خىلاپلىق قىلغانلارغا قانۇنىي ھەم مەمۇرىي جازا بېرىلمەيدىغانلىقىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ ئۈستىگە، كەسىپ سىياسىتى بىلەن ھازىر يۈرگۈزۈلۈۋاتقان مەبلەغ سېلىشنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى بىر-بىرىگە باغلانماسلىق ھالىتىدە تۇرۇۋاتىدۇ، مەبلەغ سېلىشنى باشقۇرغۇچى ۋە تەستىقلىغۇچى ئورۇنلارنىڭ كەسىپ سىياسىتىگە ئاساسەن فونكسىيىسىنى ئادا قىلىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىدىغان تەشكىلىي كاپالەت يوق، مەبلەغ سېلىشنى قارار قىلغۇچى ۋە باشقۇرغۇچىلار كەسىپ سىياسىتىنى

ئەمەلىيلەشتۈرۈش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالمايدۇ، نەتىجىدە، كەسىپ پىلانىنىڭ ئەمەلىي مەبلەغ سېلىش تۈرىنى تەستىقلاشقا بولغان چەكلەش كۈچى چوڭ بولمايدىغان، ئەمەلىي شەكىللەنگەن مەبلەغ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى كەسىپ سىياستى ۋە كەسىپ پىلانىنىڭ ماكرو مەقسىتىگە ماسلاشمايدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ.

## (3)

تەكرار قۇرۇلۇش قىلىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا ھەر تەرەپتىن تۇتۇش قىلىش كېرەك. تۈپ نېگىزىدىن ئېيتقاندا، تەكرار قۇرۇلۇش قىلىش مەسىلىسىنىڭ تولۇق ھەل قىلىنىشى بازار ئىگىلىكى ۋە ئۇنىڭ ھەرىكەت مېخانىزمى شۇنداقلا ئۇنىڭغا مۇناسىپ بولغان ماكرولۇق باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنىڭ مۇكەممەللىشىشى ۋە پىشىپ يېتىلىشىگە باغلىق. بازار مېخانىزمى تېخى مۇكەممەللەشمىگەن ھازىرقى باسقۇچتا، دۆلەتنىڭ چەكلىك دەرىجىدە ئارىلىشىشى تەكرار قۇرۇلۇش قىلىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىكى زۆرۈر ۋاستە. بۇ خىل ئارىلىشىش ئومۇمەن ئېيتقاندا ”چوڭلىرىنى تۇتۇش، كىچىكلىرىنى قويۇۋېتىش“تىن ئىبارەت، دېمەك، ئادەتتىكى رىقابەت خاراكتېرلىك كەسىپلەرگە قارىتا، دۆلەت ئارىلاشمىسىمۇ بولىدۇ، بۇنىڭدىكى تەكرار قۇرۇلۇش قىلىش مەسىلىسى ئاساسلىقى بازار رىقابىتىنىڭ رولى جارى قىلدۇرۇلۇپ، ياخشىلىرىنىڭ تاللىنىشى، ناچارلىرىنىڭ شاللىنىشى ئارقىلىق تەدرىجىي ھەل قىلىنىدۇ؛ كۆلەملىك ئىگىلىككە بولغان تەلەپ بىرقەدەر يۇقىرى بولغان رىقابەت خاراكتېرلىك كەسىپلەرگە قارىتا، كەسىپ پەرقى پايدىسىنىڭ جەلپ قىلىشى بىلەن قارىغۇلارچە تەكرار مەبلەغ سېلىش ۋە كىچىك كۆلەملىك تارقاق قۇرۇلۇش قىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، بازار رىقابىتىنى قائىدىگە سېلىش ۋە بازار رىقابىتىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۆلەت ئۈنۈملۈك ھالدا ئارىلىشىشى شەرت.

**1. چوڭ كارخانىلار گۇرۇھىنى مەركەز قىلغان سانائەت تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇپ، تايانچ كەسىپ بويىچە نۇقتىلىق ھالدا كارخانىلار گۇرۇھلىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە ئۇلارنىڭ شەكىللىنىشى، تەرەققىي قىلىشىغا مەدەت بېرىش ئارقىلىق، تايانچ كەسىپلەردىكى كاپىتالنىڭ جۇغلىنىش ۋە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ توپلىنىش جەريانىنى تېزلىتىپ، ئېلىمىز سانائىتىدە كۆلەملىك باشقۇرۇشنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا تۈرتكە بولۇش لازىم.** مەركەز مالىيىسىنىڭ ھەر يىللىق ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىلىدىغان ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىك مەبلىغى دۆلەت نۇقتىلىق يۆلەيدىغان كارخانىلار گۇرۇھلىرىغا ئىشلىتىلىشى لازىم. تايانچ كەسىپ ۋە سانائەت ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش، تېخنىكا يېڭىلاشقا ئىشلىتىدىغان مەبلەغنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇش، شۇ ئارقىلىق سانائەتنىڭ تېخنىكا جەھەتتىن قوراللىنىش ئومۇمىي سەۋىيىسىنى يېڭى بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم. نۆۋەتتە ئاساسلىقى ھازىر بار بولغان كارخانىلار گۇرۇھلىرىنى مەركەز ۋە يۆلەنچۈك قىلىپ، سانائەت ئېشىش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، يېڭى گۇرۇھلارنى قۇرماسلىق، يېڭى سىناق نۇقتىلىرىنى تۇتماسلىق لازىم. مۇشۇ كارخانىلار

گۇرۇھلىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك كارخانىلارنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىشى، بىرلەشتۈرۈۋېلىشى، سېتىۋېلىشىنى تايانچ كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئاساسلىق يۇسۇنى قىلىپ، كاپىتال جۇغلاش ئارقىلىق، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنىڭ ئېشىشى ۋە مەھسۇلات سۈپىتىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم. بۇنداق قىلىشنىڭ پايدىلىق تەرىپى شۇكى، بىرىنچىدىن، بىرقەدەر ئاز بولغان قۇرۇلۇش مەبلىغى بىلەن كۆپ مەھسۇلاتنى ئىشلەپچىقارغىلى بولىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، چوڭ كارخانىلار گۇرۇھىنى يولەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تەكرار قۇرۇلۇشنى چەكلەپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مەركەزلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، ئېلىمىز مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ كارخانىلارنىڭ خەلقئارا رىقابەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ.

**2. تايانچ كەسىپلەرگە تەۋە چوڭ كارخانىلار ۋە كارخانىلار گۇرۇھلىرىنى يېتىشتۈرىدىغان ۋە راۋاجلاندۇرىدىغان مەبلەغ تىرىكى رامكىسىنى بەرپا قىلىپ، تايانچ كەسىپلەرگە، كارخانىلار گۇرۇھلىرىغا قەرز بېرىپ قوللاش سىستېمىسىنى قۇرۇپ چىقىش لازىم.** ”تايانچ كەسىپلەر تەرەققىيات فوندى“ تەسىس قىلىپ، تايانچ كەسىپلەرگە تەۋە كارخانىلار گۇرۇھلىرىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىدا كېرەكلىك مەبلەغنىڭ يېتىشمەسلىكىنى تولۇقلاشقا بولىدۇ. دۆلەتلىك بانكىنىڭ تايانچ كەسىپلەرگە تەۋە كارخانىلار گۇرۇھلىرىغا قارىتا قەرز بېرىپ قوللاش سىستېمىسىنى قۇرۇپ چىقىش، ئۇلارنىڭ تەرەققىياتىنى يولەيدىغان قەرز سىياسىتىنى تۈزۈپ چىقىش ۋە يۈرگۈزۈش لازىم، شۇنداقلا كىرىدىت ۋە باج پىشاكىدىن پايدىلىنىپ تەكرار قۇرۇلۇشقا تەۋە كارخانىلارنىڭ كارخانىلار گۇرۇھى قاتارىغا ۋە باشلامچى كارخانىلارنىڭ ئەزا كارخانىسى قاتارىغا ئۆتۈشىنى تېزلىتىش لازىم. باشقا پۇل مۇئامىلە ئورگانلىرىنى تايانچ كەسىپلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا يېتەكلەپ، دۆلەتنىڭ سىياسەت خاراكتېرلىك بانكىلىرىنىڭ مەبلەغ توپلاش ئوبيېكتىنى ئاساسلىقى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا-سانائەت بانكىلىرىدىن تەدرىجىي ھالدا ئاساسلىقى باشقا بانكىلارغا ۋە بانكىدىن باشقا پۇل مۇئامىلە ئورگانلىرىغا ئۆزگەرتىش، بۇ پۇل مۇئامىلە ئورگانلىرىنىڭ مەبلىغىنىمۇ دۆلەتنىڭ ئاساسىي كەسىپلىرىگە ۋە نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلىرىغا ئىشلىتىش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىۋاسىتە مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشنىڭ رولىغا ئېتىبار بېرىش، كۆپ خىل يوللار بىلەن ئىجتىمائىي مەبلەغ قوبۇل قىلىپ، تايانچ كەسىپلەرنىڭ مەركەزلىك تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش لازىم.

**3. تايانچ كەسىپلەر قاتارىغا كىرىشنى مۇۋاپىق ۋە ئۈنۈملۈك ھالدا چەكلەپ، كەسىپ سىياسىتىنىڭ قانۇنىي كۈچىنى ۋە قانۇن ئىجرا قىلىش كۈچىنى كۈچەيتىش لازىم.** تايانچ كەسىپلەر قاتارىغا كىرىدىغان كارخانىلارغا قارىتا ئاساسىي تېخنىكا ۋە ئۈسكۈنە جەھەتتىن ئەڭ تۆۋەن ئۆلچەم چەكلىمىسىنى يۈرگۈزۈش لازىم، ئەڭ تۆۋەن تېخنىكا دەرىجە ئۆلچىمىدىن تۆۋەن بولغان بارلىق تۈر ۋە كارخانىلارنىڭ تايانچ كەسىپلەر قاتارىغا كىرىشكە يول قويۇلمايدۇ. ھازىر بار بولغان كارخانىلار ئىچىدە بەلگىلەنگەن مۇددەت ئىچىدە ئەڭ تۆۋەن تېخنىكا ئۆلچىمىگە يېتەلمىگەنلىكى كارخانىلارنى بەلگىلەنگەن مۇددەت ئىچىدە كەسىپ ئالماشتۇرۇپ، تايانچ كەسىپتىن چېكىنىپ چىقىشقا بۇيرۇش لازىم. تايانچ كەسىپلەر ئىچىدە كۆلەملىك باشقۇرۇشقا مۇۋاپىق كېلىدىغان كەسىپ ۋە كارخانىلارغا قارىتا ئەڭ كىچىك كۆلەم ئۆلچەم

چەكلىمىسنى يۇرگۈزۈش ۋە ئەڭ تۆۋەن ئۆلچەم تەكشۈرۈشنى يولغا قويۇش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تايانچ كەسىپلەرگە مەبلەغ سېلىش قائىدىسىنى تۈزۈپ چىقىش لازىم. مەبلەغ سېلىش تۈرىنى تۇرغۇزغۇچى ۋە تەكشۈرۈپ تەستىقلىغۇچىلارنىڭ مەبلەغ سېلىشتا ئۇچرايدىغان خەتەرنى ئۈستىگە ئېلىش مەسئۇلىيىتى توغرىسىدا قانۇنىي بەلگىلىمە چىقىرىش، مەسئۇلىيىتى بارلارنىڭ مەبلەغ سېلىشتىكى زىيان تارتىش جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش لازىم؛ دۆلەت ئىچىدىكى رايونلۇق بازارلار ئارا سودا توسۇقىغا قارشى تۇرۇش توغرىسىدا قانۇنىي بەلگىلىمىلەرنى تۈزۈپ چىقىش، تايانچ كەسىپ، ئاساسىي كەسىپلەرنىڭ ئاساسلىق مەھسۇلاتلىرى، خام ئەشيا-ماتېرىيال، بايلىق مەنبەسىگە قارىتا پۈتۈن مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن مەلۇم مۇددەتلىك باھا ئارىلىقىنى بېكىتىش، ئەڭ يۇقىرى باھا چەكلىمىسى ۋە ئەڭ تۆۋەن باھا چەكلىمىسى بىلەن باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ، كارخانىلارنىڭ باھانى بېسىپ تۇرۇپ توكمە قىلىپ سېتىش ۋە نامۇۋاپىق ۋاستىلەر بىلەن باھانى ئۆرلىتىۋېلىشتەك يامان سۈپەتلىك رىقابەت ئارقىلىق بازارنى بېسىۋېلىشىنىڭ ۋە بازارنى بۆلۈۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم. شۇنىڭغا ماس ھالدا، كەسىپ سىياستى بويىچە قانۇنىي ئىجرا قىلغۇچى ئاپپاراتلارنى بەرپا قىلىپ ۋە يۇرۇشلەشكەن تەدبىرلەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھەر دەرىجىلىك تەدبىر كۆرگۈچىلەر ۋە ھەر خىل تۈرلەرنىڭ كەسىپ سىياستىنى ئىجرا قىلىش دەرىجىسىنى نازارەت قىلىش ۋە تەكشۈرۈش ھەمدە قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلاردىكى بىۋاسىتە جاۋابكارلارغا قارىتا ئەھۋالنىڭ ئېغىر-يېنىكلى-كىگە قاراپ دۆلەتنىڭ ئەدلىيە سىستېمىسىغا ئەرز سۇنۇش، قانۇنغا خىلاپ تۈرلەر ۋە كارخانىلارغا قارىتا بىر تەرەپ قىلىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش لازىم.

**خۇدابەردى خېلىل**

**تەرجىمە قىلغۇچىلار: قاھار پولات**

**دولقۇن قادىر**

**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

# توپ خاراكتېرلىك بىر سىياسىي مەسىلە

## —يولداش جياڭ زېمىننىڭ پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى بايانلىرىنى ئۆگىنىشتىن تەسىرات

**جۇ گۇيبىۋي، خاۋ جيەنگو، جاڭ گۇيشېن**

پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىنىڭ دوكلاتىدا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: "پارتىيىنىڭ ئىستىل قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە، توپ ئاساسلىقى—خەلق ئۈچۈن جان-دىل بىلەن خىزمەت قىلىدىغان ئاساسىي مەقسەتتە چىڭ تۇرۇش، پارتىيىنىڭ ئامما بىلەن زىچ مۇناسىۋەت باغلاش ئارتۇقچىلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش." ئامما بىلەن زىچ مۇناسىۋەت باغلاش—پارتىيىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى ۋە سىياسىي جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقىدۇر. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، يولداش جياڭ زېمىن ئەڭ كۆپ تەكىتلىگەن، ئەڭ كۆڭۈل بۆلگەن مەسىلىلەرنىڭ بىرى پارتىيىنىڭ ئامما بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى مەسىلىسى. ئۇ تارىخىي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ئاساسىدا، پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىدە ئۆزگىرىش بولۇشتەك يېڭى ئەھۋاللارغا ئاساسەن، يېڭى دەۋردىكى پارتىيە بىلەن ئامما مۇناسىۋىتىنىڭ مۇھىم ئورنى، ئالاھىدىلىكى، شۇنداقلا پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىنى يېقىنلاشتۇرىدىغان ئۇسۇل ۋە تەدبىرلەر ئۈستىدە بىر قاتار ئىجادىي خاراكتېرلىك پىكىرلەرنى بايان قىلدى. يولداش جياڭ زېمىننىڭ پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى بايانلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش نۆۋەتتە پارتىيىنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرۇپ، 15-قۇرۇلتايدا بەلگىلەنگەن تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداپ، پارتىيىنىڭ ئىشلىرىنى 21-ئەسىرنى نىشانلاپ ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

1994-يىلى 2-ئايدا، يولداش جياڭ زېمىن مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 3-قېتىملىق ئومۇمىي يىغىنىدا: پارتىيىنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ قانداق بولۇشى—پارتىيە ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشى-خاراب بولۇشى، ۋۇجۇدقا چىقىشى-مەغلۇپ بولۇشىغا ۋە پارتىيىنىڭ ھايات-ماماتىغا مۇناسىۋەتلىك بىر توپ خاراكتېرلىك سىياسىي مەسىلە، دەپ كۆرسەتتى. كېيىن يولداش جياڭ زېمىن ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ سىياسەتنى تەكىتلىشى لازىملىقىنى تەكىتلىگەندە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: سىياسەت دېگەن نېمە؟ توپ جەھەتتىن ئېيتقاندا، سىياسەت مەسىلىسى ئاساسلىقى خەلق ئاممىسىغا بولغان پوزىتسىيە مەسىلىسى، خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەت

مەسىلىسىدىن ئىبارەت. يولداش جياڭ زېمىننىڭ يېڭى دەۋردىكى پارتىيە بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسىنى سىياسىي يۇكسەكلىككە كۆتۈرۈپ تونۇشى ھەمدە ئۇنى پارتىيىنىڭ ھايات-ماماتىغا مۇناسىۋەتلىك توپ سىياسىي مەسىلە دەپ بىلىشى پارتىيىمىزنىڭ يېڭى تارىخىي شارائىتتىكى پارتىيە بىلەن ئامما مۇناسىۋىتىنىڭ مۇھىم ئورنىغا بولغان چوڭقۇر تونۇشىنى ئەكس ئەتتۈردى.

يېڭى تارىخىي شارائىتتا، پارتىيىمىز ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ۋە ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت قوش سىناققا دۇچ كېلىۋاتىدۇ. پارتىيە ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، بىر جەھەتتىن، ھاكىمىيەتتىن پايدىلىنىپ خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان پايدىلىق شارائىتقا ئېرىشتى، يەنە بىر جەھەتتىن، ئامما بىلەن زىچ مۇناسىۋەت باغلاش مەسىلىسى ئوبيېكتىپ جەھەتتە بۇرۇنقى ئۇرۇش شارائىتىدىكىدەك تەخىرسىز مەسىلە بولۇشتىن قالدى. ئۇزاق مەزگىللىك تىنچلىق شارائىتىدا، پارتىيە ئىچىدىكى بىر قىسىم كىشىلەردە ئۆزىنى ئاممىدىن ئۈستۈن قويىدىغان ئىستىللار بارلىققا كېلىپ، ئاممىنى ئەستىن چىقىرىپ قويىدىغان ھەتتا ئاممىدىن ئايرىلىپ قالىدىغان خەۋپ كۆرۈلدى. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش داۋامىدا، مەنپەئەتنى تەقسىملەش، تۈزۈلمىنى ئالماشتۇرۇشتىن كېلىپ چىققان تۈرلۈك ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرمۇ پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىدە ئەكس ئەتتى. يېڭى تارىخىي شارائىتتا، پرولېتارىيات پارتىيىسى ئاممىدىن ئايرىلىپ قالىدىغان خەۋپ ھېلىھەم مەۋجۇت بولۇۋاتىدۇ. ئەگەر ھوشيارلىقنى بوشاشتۇرۇپ قويساق، پارتىيىنىڭ مەغلۇپ بولۇش مۇمكىنچىلىكى بار. بۇ ھەرگىزمۇ ۋەھىملىك سۆزلەر بىلەن كىشىنى چۆچۈتكەنلىك ئەمەس، بۇرۇنقى سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە شەرقىي ياۋروپادىكى سوتسىيالىستىك دۆلەتلەردىكى كومپارتىيىلەرنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتە مەغلۇپ بولۇشىدىكى ئاساسلىق تەجرىبە-ساۋاقلارنىڭ بىرى شۇكى، ئۇلار ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيىنىڭ ئۆزىنىڭ قۇرۇلۇشىغا سەل قارىغان، خەلق ئاممىسىدىن ئېغىر دەرىجىدە ئايرىلىپ قالغان، خىيانەتچىلىك، چىرىكلىك ھادىسىلىرى يامراپ كەتكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ سىياسىي ئاساسىنى يوقىتىپ قويغان. تارىخىي ۋە رېئال تەجرىبە-ساۋاقلار شۇنى تولۇق چۈشەندۈردىكى، پرولېتارىيات پارتىيىسى ھەرقانداق ۋاقىتتا ئاممىدىن ئايرىلىپ قېلىشقا بولمايدۇ، پارتىيە بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى "پارتىيە ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشى-خاراپ بولۇشى، ۋۇجۇدقا چىقىشى-مەغلۇپ بولۇشى ۋە پارتىيىنىڭ ھايات-ماماتى" بىلەن باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت يۇكسەكلىككە كۆتۈرۈپ تونۇش لازىم.

ۋەھالەنكى، پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ يېڭى تارىخىي شارائىتتىكى ئىنتايىن مۇھىملىقىنى پارتىيىمىزدىكى ھەممىلا كىشى سەگەكلىك بىلەن تونۇپ يەتكىنى ۋە تېگىشلىك ھوشيارلىقنى ساقلىغىنى يوق، بەزى كىشىلەر، دەۋر ئۆزگەردى، ۋەزىيەت بىلەن تەلەپمۇ ئوخشىمايدۇ، ئاممىغا تايىنىشتىن ئىبارەت خىزمەت ئۇسۇلىنىڭ ئانچە چوڭ زۆرۈرىيىتى قالمىدى، دەپ قارىدى؛ بەزىلەر "ئۇرۇش يىللىرىدا ئاممىغا تايىناتتۇق، ئەمدى ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىشتا قابىلىيەتلىكلەرگە تايىنىش كېرەك" دەپ ھېسابلاپ، "پۇلى كۆپلەرنى يۆلەنچۈك قىلىش"قا، "قابىلىيەتلىكلەرگە تايىنىش"قا بېرىلىپ كېتىپ، ئاساسلىق ئاممىنى ئۇنتۇپ قالدى؛ بەزىلەر غەربنىڭ رەھبەرلىك ئىلمى، باشقۇرۇش ئىلمىغا قىزىقىپ، پارتىيىنىڭ ئېسىل

ئەنئەنىسگە سەل قارىدى، ئاممىغا چوڭقۇر چۆكۈپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشنى خالىمىدى، ئەمەلىي ئەھۋاللارنى چۈشىنىشمۇ ئىنتايىن ئاز بولدى. مانا بۇ ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسى پارتىيە ئىچىدىكى بەزى كىشىلەرنىڭ يېڭى دەۋردىكى پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىگە قارىتا مۇجمەل چۈشەنچىدە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى. پارتىيىمىز رەھبەرلىك قىلىۋاتقان ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى پۈتۈنلەي يېڭى ئىش بولۇپ، ئۇ مىسلىسىز دەرىجىدە مۇشەققەتلىك ۋە مۇرەككەپ بولىدۇ. بۇ ئىشنى پەقەت ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئاممىغا چىڭ تايىنىپ، ئاممىنىڭ ئاكتىپلىقى، تەشەببۇسكارلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرغاندىلا، ئاندىن ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ. گەرچە يېڭى تارىخىي شارائىتتا پارتىيىمىزنىڭ ئاممىغا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئۇسۇلى، ئاممىغا تايىنىش ئۇسۇلى شۇنداقلا سىياسەت بەلگىلەش ئۇسۇلىدا ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ھەممىدە ئاممىنى كۆزدە تۇتىدىغان تۈپ مەيدانىنى، ھەممىدە ئاممىغا تايىنىدىغان تۈپ نۇقتىئىنەزىرىنى، ”ئاممىدىن ئېلىپ، ئاممىغا قايتۇرىدىغان“ ئاساسىي خىزمەت ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ. بۇ نۇقتىنى تونۇپ يەتمىگەندە، ئىدىيە-مىزدە مۇجمەل تونۇش پەيدا بولىدۇ، ھەرىكەتتە ئاممىدىن ئايرىلىپ قالىمىز، ھەتتا ئاممىنىڭ ئىشەنچىسىدىن مەھرۇم قېلىپ، پارتىيە ئىشلىرىنى تۈپ ئاساسىدىن نابۇت قىلىپ قويىمىز. 15-قۇرۇلتاي دوكلاتىدا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: ”پارتىيىمىز— خەلقتىن چىققان، خەلق ئارىسىدا يىلتىز تارتقان، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان پارتىيە.“ بۇ، 21-ئەسىرگە قەدەم قويۇۋاتقان يېڭى مۇساپىدە، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى 3-ئەۋلات مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىغە قىلغان تەنتەنىلىك ۋەدىسى. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرىي كادىرلار بۇ تەنتەنىلىك ۋەدىنى ئېسىدە چىڭ تۇتۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيە بىلەن ئامما مۇناسىۋىتىنىڭ مۇھىملىقىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىشى، كۈچلۈك مەسئۇلىيەتچانلىقىنى تۇرغۇزۇشى، ھەر ۋاقىت خەلق ئاممىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەت باغلاپ تۇرۇشى، شۇ ئارقىلىق پارتىيىمىزنى يېڭىلمەس ئورۇندا تۇرغۇزۇشى كېرەك.

خەلق ئاممىسى بىر پۈتۈن ئۇقۇم بولۇپ، ئۇ ئوخشىمىغان ئادەم توپلىرىدىن تەركىب تاپقان. يولداش جياڭ زېمىن تەكىتلەپ، ھازىرقى باسقۇچتا پارتىيە ئامما بىلەن ئالاقە قىلىشتا ئالدى بىلەن ئىشچىلار ۋە دېھقانلار ئاساسىي ئاممىسى بىلەن ئالاقە قىلىشى كېرەك، دەپ كۆرسەتتى. ئۇ، بىزنىڭ ئاممىۋى خىزمىتىمىز-نىڭمۇ ئىككى چوڭ قىسمى بار: بىرى پۈتۈن مەملىكەت ئاھالىسىنىڭ مۇتلەق كۆپ سانىنى ئىگىلەيدىغان دېھقانلار ئاممىسىغا قارىتىلغان خىزمەت، يەنە بىرى ئاساسلىقى دۆلەت كارخانىلىرىغا مەركەزلەشكەن ئىشچىلار ئاممىسىغا قارىتىلغان خىزمەتتىن ئىبارەت، دەپ كۆرسەتتى. ئۇ يەنە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: بىز مۇشۇ ئىككى چوڭ قىسىمنى تۇتۇۋالساقلا، خىزمىتىمىزدە تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى قولغا ئالالايمىز، زىددىيەت ۋە قىيىنچىلىقلارغا يولۇقساقمۇ ئاسانلا ھەل قىلىپ كېتەلەيمىز. يولداش جياڭ زېمىننىڭ بۇ بايانى يېڭى دەۋردىكى پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشتا ئىنتايىن رېئال يېتەكچىلىك ئەھمىيىتىگە ئىگە.

ئىشچى-دېھقانلار ئاساسىي ئاممىسى بىلەن ئالاقە قىلىشنى پارتىينىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن ئالاقە

قىلىشىدىكى باش ۋەزىپە قىلىش ماركسىزمنىڭ ماتېرىيالىزملىق تارىخ قارىشىنىڭ ئاساسىي تەلىپىدىن ئىبارەت. ماتېرىيالىزملىق تارىخ قاراشتىكىلەر، خەلق ئاممىسى جەمئىيەت تارىخى كاتېگورىيىسىگە تەۋە بولۇپ، ئۇ ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋرلەردە ئوخشىمىغان تارىخىي مەزمۇنلارغا ئىگە، دەپ قارايدۇ. لېكىن، تارىخىي ئەھۋالدا قانداق ئۆزگىرىش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، خەلق ئاممىسىنىڭ ئاساسىي قىسمى باشتىن-ئاخىر ماددىي بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان ئەمگەكچىلەر ئاممىسى ۋە ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىدىغان زىيالىيلار بولىدۇ. ماركس بىلەن ئېنگېلسمۇ خەلق ئاممىسىنىڭ تارىخىي رولىنى بايان قىلغاندا، ئاساسلىقى ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنىڭ رولىنى سۆزلىگەنىدى. مەملىكىتىمىزدە، زىيالىيلار ئىشچىلار سىنىپىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلانغانلىقتىن، بىز ئاما بىلەن ئالاقە قىلىشتا ئەڭ مۇھىمى زىيالىيلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىشچى-دېھقانلار ئاساسىي ئاممىسى بىلەن ئالاقە قىلىشىمىز لازىم.

ئىشچى-دېھقانلار ئاساسىي ئاممىسى بىلەن ئالاقە قىلىشنى پارتىيىنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن ئالاقە قىلىشىدىكى باش ۋەزىپە قىلىشنى پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ خاراكتېرى بەلگىلىگەن. پارتىيىمىز—ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاۋانگارت ئەترىتى، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ پارتىيىسى. ئىشچىلار سىنىپىدىن ئايرىلغاندا، پارتىيىمىز مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ سىنىپىي ئاساسىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. دېھقانلار—ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئىشەنچلىك ئىتتىپاقداش ئارمىيىسى، ئادەم سانى ئىنتايىن كۆپ بولغان ئاساسىي كۈچ. دۆلىتىمىز ئىشچىلار سىنىپى رەھبەرلىك قىلىدىغان، ئىشچى-دېھقانلار ئىتتىپاقىنى ئاساس قىلغان خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىلىقىدىكى سوتسىيالىستىك دۆلەت. پارتىيە بىلەن دۆلەتنىڭ خاراكتېرى پارتىيىنىڭ ھەرقانداق ۋاقىتتا ئىشچى-دېھقانلار ئاساسىي ئاممىسىغا مەھكەم تايىنىشى، ئۇلار بىلەن بولغان قان بىلەن گۆشتەك يېقىن مۇناسىۋىتىنى ساقلىشى ۋە راۋاجلاندۇرۇشى لازىملىقىنى تۈپ ئاساسىدىن بەلگىلىدى.

ئىشچى-دېھقانلار ئاساسىي ئاممىسى بىلەن ئالاقە قىلىشنى پارتىيىنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن ئالاقە قىلىشىدىكى باش ۋەزىپە قىلىش ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقتىن ئىبارەت ئۈچ ئىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىشنىڭمۇ ھالقىسى ھېسابلىنىدۇ. يولداش جياڭ زېمىن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: بىزنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقىمىزنىڭ ھالقىسى ئالدى بىلەن مۇشۇ ئىككى چوڭ قىسىمنى تۇتۇشىمىز ۋە ياخشى تۇتۇشىمىزدا. ئىشچىلار، دېھقانلار، زىيالىيلار مەملىكىتىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشىدىكى ئاساسىي قوشۇن، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى ئاساسىي كۈچ. ئىشچىلار بىلەن دېھقانلار ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتنىڭ بىرىنچى سەپىدە تۇرىدۇ، پارتىيىنىڭ ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات توغرىسىدا بەلگىلىگەن فاڭجېن-سىياسەتلىرى ئۇلار ئارقىلىق يولغا قويۇلىدۇ؛ ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات داۋامىدىكى قىيىنچىلىقلار ئۇلار ئارقىلىق يېڭىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقى، تەشەببۇسكارلىقى ۋە ئىجادچانلىقىدىن ئايرىلغاندا، ھېچ ئىشنى باشقا چىقىرالمايمىز. ئىشچى-دېھقانلار ئاساسىي ئاممىسى جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاشتا ھالقىلىق رول ئوينايدۇ، بۇ، ئۇلارنىڭ ئاھالىنىڭ كۆپ سانىنى ئىگەللىگەنلىكىدىن بولۇپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى ئۇلار شۇغۇللىنىۋاتقان ئىشلەپچىقىرىش جەمئىيەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدا زۆرۈر بولغان ئاساسىي ماددىي تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان ئىشلەپچىقىرىش بولغانلىقىدىندۇر. پاكىتلار ئىسپات-

لىدىكى، قاچانلا بولمىسۇن، پارتىيە ئىشچى-دېھقانلار ئاممىسى بىلەن زىچ ئالاقە باغلاپ تۇرسىلا، جەمئىيەت مۇقىم بولىدۇ، چوڭ قالايمىقانچىلىق چىقمايدۇ.

ئىشچى-دېھقانلار ئاساسىي ئاممىسى بىلەن ئالاقە قىلىشنى پارتىيىنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن ئالاقە قىلىشىدىكى باش ۋەزىپە قىلىش ئۈچۈن، بىزدىن ئەمەلىي خىزمەت داۋامىدا تۆۋەندىكىدەك ئىشلارنى قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ: بىرىنچى، ئىشچى-دېھقانلار ئاساسىي ئاممىسىنىڭ خوجايىنلىق ئورنىغا ھۆرمەت قىلىش. ئىسلاھات داۋامىدا ئىشچى-دېھقانلار ئاممىسىغا تولۇق تايىنىش، ئۇلارنىڭ تەشەببۇسكارلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى ئەڭ زور چەكتە جارى قىلدۇرۇش لازىم. ئىككىنچى، فاڭجېن-سىياسەتلەرنى بەلگىلىگەندە ئاممىۋى لۇشيەندە مېڭىش، پارتىيىنىڭ فاڭجېن-سىياسەتلىرىدە ئاممىنىڭ توغرا پىكىرلىرىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈش لازىم. پەقەت مۇشۇنداق قىلغاندىلا، پارتىيىنىڭ فاڭجېن-سىياسەتلىرى ئۇلارنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشەلەيدۇ. ئۈچىنچى، ئىشچى-دېھقانلار ئاساسىي ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش لازىم. ئىسلاھات ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىۋاتقان، ئىجتىمائىي مەنپەئەت جەھەتتىكى زىددىيەت گەۋدىلىنىپ چىققان رېئال ئەھۋال ئاستىدا، ئالدى بىلەن كەڭ ئىشچىلار، دېھقانلار ۋە زىيالىيلارنىڭ ئىسلاھاتتىن ئەمەلىي مەنپەئەتكە ئېرىشىشكە كاپالەتلىك قىلىش لازىم. ھەددىدىن زىيادە يۇقىرى كىرىملەرنى تەڭشەپ، تەقسىماتتىكى ئادىل بولماسلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىش لازىم؛ ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمىنى ساغلاملاشتۇرۇپ، قىيىنچىلىقى بار كارخانىلاردىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇش مەسىلىسى ۋە ئىش ئورنىدىن قالغان، ئىش ئورنىنى كۈتۈۋاتقان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىش لازىم؛ دېھقانلارنىڭ يۈكىنى ھەقىقىي يېنىكلىتىپ، دېھقانلار ئۈچۈن كۆپرەك ئەمەلىي ئىش، ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بېرىش لازىم. شۇنى كۆرۈش لازىمكى، ئىشچى-دېھقانلار ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈش، ئىشچى-دېھقانلار ئاممىسىنىڭ تۇرلۇك ئەمەلىي قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىپ بېرىش پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەت قىلىشقا تېگىشلىك خىزمەت، شۇنداقلا پارتىيىنىڭ ئاممىۋى كۆزقارىشى، ئاممىۋى لۇشيەنىنىڭ كونكرېت ئىپادىسى.

يېقىنقى دەۋردە پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان ئامىللار ئىنتايىن كۆپ. رېئال ئەھۋالدىن قارىغاندا، پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئەڭ چوڭ زىيان سالىدىغىنى پارتىيە ئىچىدىكى چىرىكلىك ھادىسىلىرىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە يامراپ كېتىشىدىن ئىبارەت. چىرىكلىك ھادىسىلىرى خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتىگە ئېغىر زىيان سالىدۇ، پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ خەلق ئاممىسى ئىچىدىكى ئوبرازىغا داغ تەگكۈزىدۇ، پارتىيە بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ قان بىلەن گۆشتەك يېقىن مۇناسىۋىتىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ. شۇڭا، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى پائال قانات يايدۇرۇش پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرۇشنىڭ مۇھىم ھالقىسى ھېسابلىنىدۇ. پەقەت پاسسىپلىق، چىرىكلىك ھادىسىلىرىنى قەتئىي تازىلىغاندىلا، ئاندىن يېقىنقى تارىخىي شارائىتتا پارتىيىنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ قويۇقلاشتۇرغىلى بولىدۇ. شۇنى كۆرۈش زۆرۈركى، گەرچە چىرىكلىك ھادىسىلىرى قىسمەن كادىرلاردا يۈز بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن پارتىيىمىز ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغاچقا، بۇ بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتى پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ خەلق ئاممىسى ئارىسىدىكى ئوبرازىغا زىيان سېلىپ، پارتىيە بىلەن خەلق

ئاممىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى بۇزۇۋېتىپ، پارتىيىنى خەلق ئاممىسىدىن ئايرىلىپ قېلىش خەۋپىگە يۈزلەندۈردى.
پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا يولداش جياڭ زېمىن تەكىتلەپ مۇنداق دەپ
كۆرسەتتى: ”چىرىكلىك ھادىسىلىرىنىڭ ئەۋج ئېلىپ كېتىشىگە يول قويساق، پارتىيە ئۆز-ئۆزىدىن ھالاك
بولۇش يولىغا مېڭىپ قالىدۇ.“ پارتىيىمىز ئەزەلدىنلا چىرىكلىككە قارشى كۈرەشكە ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى.
پارتىيە 13-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 4-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇق-
دىكى 3-ئەۋلاد مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپى پارتىيىنى قاتتىق باشقۇرۇش فاڭجېنىنى
ئىزچىللاشتۇرۇپ، كۈچلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، چىرىكلەشكەنلەرنى قەتئىي جازالاپ، باسقۇچلۇق نەتىجە-
لەرنى قولغا كەلتۈردى. لېكىن تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، پارتىيە ئىچىدىكى چىرىكلىك ھادىسىلىرى
تېخى تولۇق، ئۈنۈملۈك ھالدا توسۇۋېلىنغىنى يوق، بەزى جايلاردا ھەتتا يامراپ كېتىش ئەھۋالى كۆرۈلدى.
بىر قېتىملىق سوئال قويۇپ تەكشۈرۈشتىن چىقىرىلغان ستاتىستىكىلىق مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئامما ئەڭ
نارازى بولغان ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ھەل قىلىشى ئەڭ زۆرۈر دەپ قارىغان مەسىلە چىرىكلىك مەسىلىسىدۇر،
چىرىكلىككە قارشى كۈرەشنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش خەلقنىڭ ئارزۇسى.

مەملىكىتىمىز ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشىنىڭ ھالقىلىق پەيتىدە تۇرۇۋاتىدۇ. ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي
تەرەققىيات داۋامىدا ئورغۇنلىغان چوڭقۇر قاتلاملىق زىددىيەتلەر ئۈنۈملۈك ھەل قىلىنغىنى يوق، ئۇنىڭ
ئۈستىگە خەلقئارا رىقابەت كۈندىن-كۈنگە كۈچىيىۋاتىدۇ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشىدا دۇچ كېلىدىغان
ۋەزىيەت ئىنتايىن كەسكىن بولىدۇ. مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە، خەلق ئاممىسىنىڭ پارتىيىمىزنى چۈشىنىشى،
پارتىيىمىزگە ئىشىنىشى ۋە پارتىيىمىزنى قوللىشى تېخىمۇ زۆرۈر. ئەگەر چىرىكلىك ھادىسىلىرى ئۈنۈملۈك
ھالدا توسۇۋېلىنمىسا، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىشەنچىسى ۋە قوللىشىدىن مەھرۇم قالىمىز-دە، ئىسلاھات-ئېچىۋې-
تىش ئىشلىرىمىز ئىنتايىن خەۋپلىك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ. بۇنىڭغا قارىتا، پۈتۈن پارتىيىدە سەگەك
تونۇش بولۇشى، ھەر دائىم سىگنال بېرىپ تۇرۇلۇشى كېرەك. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ
كۆرسەتتى: ”ئۆتمۈشتىكى ئاشۇنداق قىيىن شارائىتقا بەرداشلىق بېرەلىشىمىزنىڭ سەۋەبى نېمە؟ ئاساسىي
گەپ شۇ يەردىكى، كادىرلىرىمىز، پارتىيە ئەزالىرىمىز جاپانى خەلق ئاممىسى بىلەن تەڭ تارتتى.“ («دېڭ
شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 2-توم، 468-بەت) نۆۋەتتە بىز ئىلگىرىلەش داۋامىدا يولۇققان
تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش ئۈچۈن، خەلق ئاممىسى بىلەن جاپا-مۇشەققەتتە بىللە بولىدىغان بۇ خىل
ئېسىل ئەنئەنىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇشىمىز لازىم. ھەر بىر پارتىيىلىك كادىر ئۆزى ئۈلگە بولۇشى،
پاك-تەلەپچان بولۇشى، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىشى، ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى تولۇق
جارى قىلدۇرۇشى، پارتىيىنىڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەيدىغانلىقىنى خەلق ئاممىسىغا ھەققىي
ھېس قىلدۇرۇشى كېرەك.

پارتىيە بىلەن ئامما مۇناسىۋىتىنى قوغدىلاشتۇرۇشتا تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش لازىم. يولداش
جياڭ زېمىن 15-قۇرۇلتايدا بەرگەن دوكلاتىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ”سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى
راۋاجلاندۇرۇشتا، تۈزۈم بولۇپمۇ نېگىزلىك، ئومۇمىيلىق، تۇراقلىق ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك خاراكتېر ئالغان

بولىدۇ.» سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى راۋاجلاندۇرۇش بىلەن پارتىيىنىڭ ئاممىۋى كۆزقارىشى، ئاممىۋى لۇشيەنى ماھىيەت جەھەتتىن بىردەك، پارتىيە بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ مۇناسىۋىتىگە تۈزۈم جەھەتتىن كاپالەتلىك قىلىش — پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىنى قوغدىيالايدىغان ھالقىسى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىقنى بۇزۇپ ئېغىر ئاپەتنى كەلتۈرۈپ چىقارغان تارىخىي ساۋىقىنى ئەستايىدىل يەكۈنلىگەندىن كېيىن، يولداش دېڭ شياۋپىڭ چوڭقۇر قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: «بىزدە بۇرۇن يۈز بەرگەن تۈرلۈك خاتالىقلار دەرۋەقە بەزى رەھبەرلەرنىڭ ئىدىيىسى ۋە ئىستىلى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ئەمما تەشكىلىي تۈزۈم ۋە خىزمەت تۈزۈمى جەھەتتىكى مەسىلە تېخىمۇ مۇھىم.» («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 2-توم، 722-بەت) تۈزۈم مەسىلىسىنى ھەل قىلمىغاندا، ئىدىيە، ئىستىل مەسىلىسىنىمۇ تۈپ ئاساسىدىن ھەل قىلغىلى بولمايدۇ. پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان پارتىيىمىز دېموكراتىيە تۈزۈمى قۇرۇلۇشى جەھەتتە غايەت زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسەت قۇرۇلۇشىنى مۇقىم تەرەققىيات يولىغا سالدى. لېكىن، مەملىكىتىمىزدە سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئورنىتىلغان ۋاقتى ئۇزاق ئەمەس، تۈرلۈك كونكرېت دېموكراتىيە تۈزۈملىرى تېخى مۇكەممەل ئەمەس، دېموكراتىيە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە تېخى تولۇق ئىپادىلىنىپ كېتەلمىدى. شۇڭا، مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە تۈزۈمىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش زۆرۈر.

سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە تۈزۈمىنى ساغلاملاشتۇرۇش پارتىيە بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىشنىڭ زۆرۈر شەرتى. سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنىڭ ماھىيىتى خەلقنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇشىدىن ئىبارەت. لېكىن، خەلق ئاممىسىنىڭ بۇ خىل خوجايىنلىق ئورنى پەقەت مۇئەييەن تۈزۈمنىڭ كاپالىتى ئارقىلىقلا رېئال رولىنى جارى قىلدۇرالايدۇ. مەملىكىتىمىزدە، خەلق ئاممىسىنىڭ دۆلەتنى باشقۇرۇش ھوقۇقى خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ، شۇڭا خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، خەلق ۋەكىللىرى بىلەن خەلقنىڭ مۇناسىۋىتىنى قوغدىيالاشتۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئارزۇسىنى مۇشۇ يول ئارقىلىق تولۇق ئىپادىلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك. خەلق قۇرۇلتىيى ئاممىا بىلەن مۇناسىۋەت قىلىدىغان، خەلقنىڭ ئارزۇسىنى ئىنكاس قىلىدىغان، زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىدىغان ئاساسلىق دېموكراتىيە يولى بولۇشى كېرەك. بۇنىڭدىن باشقا، بىز يەنە كومپارتىيە رەھبەرلىكىدە كۆپ پارتىيە ھەمكارلىشىش ۋە سىياسىي مەسلىھەت ئېلىپ بېرىش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇشىمىز ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىز، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇشىمىز ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىز، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى، ئاياللار بىرلەشمىسى قاتارلىق ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ كەڭ ئاممىا بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشتىكى كۆۋرۈكلۈك ۋە ۋاستىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشىمىز لازىم. ئاساسىي قاتلاملاردا، دېموكراتىك سايلام تۈزۈمىنى ساغلاملاشتۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنى دېموكراتىيە ھوقۇقىنى بىۋاسىتە يۈرگۈزۈپ، ئۆزىنىڭ ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشىمىز لازىم. كارخانىلاردا، ئىشچى-خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى ئاساسىي شەكىل قىلىنغان دېموكراتىك باشقۇرۇش

تۈزۈمدە چەك تۇرغۇزۇشىمىز ۋە ئۇنى مۇستەھكەملەشتۈرۈشىمىز كېرەك. قىسقىسى، بىز پەقەت سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈش داۋامىدا، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە تۈزۈمىنى ئۈزلۈكسىز ساغلاملاشتۇرۇپ، پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىنى تۈزۈملەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرغاندىلا، ئاندىن پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ ئۇزاققىچە مۇقىم تەرەققىي قىلىشىنى ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ.

دېموكراتىك نازارەتچىلىك قىلىش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ ئاممىدىن ئايرىلىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى ئاساسىي تەدبىر. پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىدە، پارتىيە يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدۇ، ئەمما ئاممىنىڭ رولىنىمۇ سەل قاراشقا بولمايدۇ. ئاممىنىڭ رولى پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ ھوقۇق يۈرگۈزۈشىنى نازارەت قىلىش ۋە چەكلەش جەھەتتە كۆرۈنەرلىك ئىپادىلىنىدۇ. بىزنىڭ بۇرۇنقى پارتىيىلىك كادىرلارنى باشقۇرۇش جەھەتتىكى بىر چوڭ نۇقسانىمىز پارتىيىلىك كادىرلارنى ئۈنۈملۈك نازارەت قىلىش ۋە چەكلەشنىڭ بولمىغانلىقىدا. خەلق ئاممىسىنىڭ پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ ھوقۇق يۈرگۈزۈ-شىنى نازارەت قىلىش رولىنى جارى قىلدۇرۇشتا، مۇناسىپ تۈزۈم بىلەن كاپالەتلىك قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ساغلام نازارەتچىلىك تۈزۈمىدىن ئايرىلغاندا، خەلق ئاممىسىنىڭ نازارەتچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشى تەسكە چۈشىدۇ. شۇڭا، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، نازارەتچىلىككە دائىر قانۇنچىلىقنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قانۇن بويىچە ھوقۇق يۈرگۈزۈشنىڭ چەكلەش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش ۋە ساغلاملاشتۇرۇش لازىم. ئاممىنىڭ جانجان مەنپەئىتىگە بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك تارماقلاردا ئاشكارا ئىش بېجىرىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش كېرەك. پارتىيە ئىچىدىكى نازارەتچىلىك، قانۇنىي نازارەتچىلىك ۋە ئاممىۋى نازارەتچىلىكنى بىرلەشتۈرۈش، جامائەت پىكرى نازارەتچىلىكىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش، ئاساسىي قانۇننىڭ ۋە قانۇنلارنىڭ يولغا قويۇلۇشى ئۈستىدىكى نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىش، پارتىيىنىڭ فاڭجېن-سىياسەتلىرىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى ئۈستىدىكى نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىش، ھەر دەرىجىلىك كادىرلار بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلار ئۈستىدىن قىلىنىدىغان نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىش كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ ئاممىا بىلەن مۇناسىۋەت قىلىش جەھەتتىكى ئوخشاش مۇئامىلە قىلماسلىق ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىپ، ئۆزىنى ئۆزىنىڭ سورىشى بىلەن باشقىلارنىڭ چەكلىشىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئاممىنىڭ نازارىتىنى كۈچەيتىپ، پارتىيىلىك كادىر-لارنىڭ ئاممىا بىلەن زىچ ئالاقە قىلىش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ.

يولداش جياڭ زېمىن 15-قۇرۇلتايدا بەرگەن دوكلاتىدا تەكىتلەپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: "كومپارتىيە ئەزالىرى ئاممىنىڭ ساداسىغا قۇلاق سېلىشى، ئاممىنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇشى، ئاممىغا ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىشى، ياخشى ئىش قىلىپ بېرىشى كېرەك. پارتىيىنىڭ كادىرلىرى، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلىرى پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىشى شەرتكى، ئۇنىڭدىن ھەرگىزمۇ ھېچقانداق چەتلىمەسلىكى كېرەك؛ خەلق بەرگەن ھوقۇقنى توغرا يۈرگۈزۈشى شەرتكى، ھەرگىز ھوقۇقتىن پايدىلىنىپ نەپسانىيەتچىلىك قىلماسلىقى لازىم؛ يۇقىرى ئالدىدا جاۋابكار بولۇش بىلەن ئاممىا ئالدىدا جاۋابكار بولۇشنى بىرلەشتۈرۈشى شەرتكى، بۇ ئىككىسىنى بىر-بىرىدىن ئايرىپ تاشلايدىغان، بىر-بىرىگە قارشى قويىدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلماسلىقى كېرەك؛ خىزمەتتە ئاممىۋى لۇشيەننى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، ئەمەل-

يەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشى شەرتكى، ھەرگىز بيۇروكراتلىق، شەكىلۋازلىق ۋە بۇيرۇقچىلىق قىلماسلىقى لازىم." بۇ "تۆت شەرت" يېڭى تارىخىي شارائىتتا پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرۇش جەھەتتىكى ئاساسىي تەلەپتىن ئىبارەت. يولداش جياڭ زېمىننىڭ پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى بايانلىرىنى ئۆگىنىشتە، بۇ "تۆت شەرت"نى چوڭقۇر چۈشىنىۋېلىش ۋە مەھكەم ئىگەللىۋېلىش زۆرۈر، پەقەت بارلىق پارتىيىلىك كادىرلار مۇشۇ تەلەپ بويىچە ئىشلەيدىغانلا بولسا، پارتىيىمىز تۈگىمەس كۈچ بۇلىقىغا ئېرىشەلەيدۇ.

**(ئاپتور: جۇڭگو كومپارتىيىسى خېبېي ئۆلكىلىك كومىتېتى پارتىيە مەكتىپىدىن)**

**تەرجىمە قىلغۇچى: ئادالەت مۇھەممەت**
**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

# ئاساسىي قاتلام دېموكراتىك سىياسەت قۇرۇلۇشىنى ھەققىي كۆچەيتەيلى

دۈڭ لىشېڭ، جەن چېڭفۇ

باش شۇجى جياڭ زېمىن پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىدا بەرگەن دوكلاتىدا: "ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيىسىنى كېڭەيتىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ دېموكراتىيە ھوقۇقىنى بىۋاستە يۈرگۈزۈپ، ئۆزىنىڭ ئىشىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇپ، ئۆزىگە بەختلىك تۇرمۇش يارىتىشىغا كاپالەتلىك قىلىش—سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىگە خاس ئەڭ كەڭ ئەمەلىيەت" دەپ كۆرسەتتى ھەمدە ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيىسىنى قانداق تەرەققىي قىلدۇرۇش مەسىلىسىنى كونكرېت شەرھلەپ بەردى. يولداش جياڭ زېمىننىڭ بۇ مۇھىم بايانلىرى ئېلىمىزنىڭ شەھەر-يېزىلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام دېموكراتىك سىياسەت قۇرۇلۇشىنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئىلمىي يوسۇندا يەكۈنلەپ ۋە تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، بىزنىڭ ئاساسىي قاتلام دېموكراتىك سىياسەت قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشىمىز ئۈچۈن ئېنىق نىشان كۆرسىتىپ بەردى.

## (1)

ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيىسىنى كېڭەيتىپ، ئاساسىي قاتلام دېموكراتىك سىياسەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش—سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ماھىيىتىنىڭ تەلىپى. سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنىڭ ماھىيىتى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇشىدىن ئىبارەت. مەملىكىتىمىزدە، خەلق ئاممىسىنىڭ دېموكراتىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈپ، ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇشى ئاساسەن مۇنداق ئىككى ئەڭ ئاساسىي جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ: بىر جەھەتتىن، خەلق ئاممىسى ئۆزلىرى سايلاپ چىققان ۋەكىللەردىن تەركىب تاپقان مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ئارقىلىق، دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش، ئىجتىمائىي ئىشلارنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن، ئاساسىي قاتلامدا ئاممىنىڭ ئىشىنى ئاممىنىڭ بىۋاستە ھالدا دېموكراتىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈپ، قانۇن بويىچە باشقۇرۇشى يولغا قويۇلىدۇ، يېزىلاردىكى كەنت ئاھالە كومىتېتى ۋە شەھەر-بازارلاردىكى مەھەللە ئاھالە كومىتېتىنىڭ قايسى ئىشلارنى قىلىشى، قايسى ئىشلارنى قىلماسلىقىنى، قايسى ئىشلارنى ئاۋۋال قىلىشى، قايسى ئىشلارنى كېيىنرەك قىلىشىنى كەنت ئاھالىسى ۋە مەھەللە ئاھالىسى

دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش پرىنسىپى بويىچە ئۆز ئالدىغا بەلگىلەيدۇ. دۆلەت كارخانىلىرىدا ئىشچى-خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى ۋە باشقا شەكىللەر ئارقىلىق دېموكراتىك باشقۇرۇش يولغا قويۇلىدۇ. كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلاتلاردىمۇ قانۇندىكى بەلگىلىمە بويىچە، دېموكراتىك باشقۇرۇش يولغا قويۇلىدۇ، ئۇنىڭدىكى بارلىق ئەمگەكچىلەر باشقۇرغۇچى خادىملارنى سايلايدۇ ۋە ئۇلارنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلايدۇ، ئىگىلىك باشقۇرۇشقا ئائىت مۇھىم مەسىلىلەر ئۈستىدە قارار چىقىرىدۇ. شەھەر-يېزا ئاھالىلىرىنىڭ خوجايىنلىق سالاھىيىتى بىلەن تەدبىر بەلگىلەشكە، ئاساسىي قاتلامنىڭ ۋە كارخانىلارنىڭ، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش ساھەسىدىكى تۈرلۈك ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا بىۋاستە قاتنىشىشى زامانىمىزدىكى جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىتىنىڭ مۇھىم يۈزلىنىشى بولۇپ، ئۇ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنىڭ كەڭلىكىنى ۋە سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيىسىنى كېڭەيتىپ، ئاساسىي قاتلام دېموكراتىك سىياسەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش — جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسەتنى بەرپا قىلىشتا قىلىشقا تېگىشلىك ئىش. نەزەرىيە جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئىشچىلار سىنىپى ۋە ئۇنىڭ ئاۋانگارت ئەترىتى خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغاندىن كېيىن، كاپىتالىستىك دېموكراتىيە تەڭ كېلەلمەيدىغان سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. لېكىن سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان جۇڭگوغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسەتنى بەرپا قىلىشتا، خەلق قۇرۇلتىيىدىن ئىبارەت بۇ تۈپ سىياسىي تۈزۈم قەتئىي داۋاملاشتۇرۇلمىسا ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلمىسە، دېموكراتىك سىياسەت قۇرۇلۇشى دۆلەت ئەھۋالىدىن چەتلەپ كېتىپ، يۆنىلىشتىن ئادىشىپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيىسىنى كېڭەيتمىگەندە، ئاساسىي قاتلام دېموكراتىك سىياسەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتمىگەندە، كەڭ خەلق ئاممىسىنى تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىشلارغا بىۋاستە قاتناشتۇرۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلغىلى بولمايدۇ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسەتنىڭ ھەر تەرەپلىمىلىك، مۇستەھكەم ئاممىۋى ئاساسى بولماي قالىدۇ.

ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيىسىنى كېڭەيتىپ، ئاساسىي قاتلام دېموكراتىك سىياسەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش — يېڭى دەۋردىكى يۈز مىليونلىغان خەلق ئاممىسىنىڭ جىددىي تەلىپى. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش باشلانغاندىن بۇيان، مەملىكىتىمىزنىڭ شەھەرلىرىدىمۇ، يېزىلىرىدىمۇ غايەت زور ئۆزگىرىش بولدى. يېزىلاردا ئائىلىلەر بويىچە مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئاساس قىلىنغان ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنىڭ ئېلىپ بېرىلىشى بىلەن، دېھقانلار كۈندىن-كۈنگە نىسپىي مۇستەقىل بولغان ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارەتنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىگە ئايلانماقتا. شەھەرلەردە ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ئېلىپ بېرىلىشى بىلەن، كارخانىلار پايدا-زىيانغا ئۆزى ئىگە بولىدىغان ئىگىلىك باشقۇرۇش ئاساسىي گەۋدىسىگە ئايلانماقتا، ئىشچى-خىزمەتچىلەر بىلەن كارخانا تەدرىجىي ھالدا بىر-بىرىگە زىچ باغلانغان مەنپەئەت ئورتاق گەۋدىسى بولۇپ شەكىللەنمەكتە. مەھەللە ئىش بېجىرىش ئورنى، مەھەللە ئاھالە كومىتېتى قاتارلىق شەھەر ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى شەھەرنىڭ ئاساسىي قاتلام باشقۇرۇش ۋە مۇلازىمەتچىلىك

ئىشلىرىدا بارغانسېرى مۇھىم رول ئوينىماقتا. ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشى، خەلق تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشى، مەدەنىيەت ئۇچۇرلىرىنىڭ تېز ئالماشتۇرۇلۇشى، ئاممىۋى تارقىتىش ۋاستىلىرىنىڭ تەدرىجىي ئومۇملىشىشى ئارقىسىدا، خەلق ئاممىسى ئۆزلىرىنىڭ جانىجان ماددىي مەنپەئەتىگە كۆڭۈل بۆلۈش بىلەن بىللە، ئۆزلىرىنىڭ دېموكراتىيە ھوقۇقىغىمۇ كۆڭۈل بۆلىدىغان بولدى، ئۇلارنىڭ ئاساسىي قاتلامنىڭ ئىشلىرى ۋە كارخانىنىڭ چوڭ-چوڭ مەسىلىلىرى ئۈستىدىكى تەدبىر بەلگىلەش، باشقۇرۇش، نازارەت قىلىش ئىشلىرىغا قاتنىشىش تەلىپى كۈنسايىن كۈچەيمەكتە. خەلق ئاممىسىنىڭ دېموكراتىيە ئېڭى، قاتنىشىش ئېڭى كۈندىن-كۈنگە كۈچىيىۋاتقان ئەھۋالدا، شەھەر-يېزىلارنىڭ ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيىسى كېڭەيتىلمىسە، ھەر خىل زىددىيەتلەر بۇيرۇقچىلىق قىلىش ئۇسۇلىنى ھەتتا دېموكراتىيىنى يېسىش ئۇسۇلىنى قوللىنىش ئارقىلىق ھەل قىلىنىدىغان بولسا، ئەسلىدە بار زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىش بۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە تېخىمۇ چوڭ زىددىيەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

## (2)

پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىز ئاساسىي قاتلام دېموكراتىك سىياسەت قۇرۇلۇشىغا ئىزچىل ئەھمىيەت بېرىپ كېلىۋاتىدۇ، ئاساسىي قاتلام دېموكراتىك سىياسەت قۇرۇلۇشىغا دائىر سىياسەت ۋە قانۇن، نىزاملارنى تۈزۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئاساسىي قاتلامدا دېموكراتىك سايلام ئۆتكۈزۈش، دېموكراتىك ئاساستا تەدبىر بەلگىلەش، دېموكراتىك باشقۇرۇش، دېموكراتىك نازارەتچىلىك قىلىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىشىغا رەھبەرلىك قىلىش ۋە يېتەكچىلىك قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە روشەن نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، بىزنىڭ شەھەر-يېزىلارنىڭ ئاساسىي قاتلام دېموكراتىك سىياسەت قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق ئالغا سۈرۈشىمىزگە ياخشى ئاساس سېلىپ بەردى.

ئاساسىي قاتلام دېموكراتىك سىياسەت قۇرۇلۇشى سىياسەت مۇقىم بولۇش، قانۇن بويىچە ئېلىپ بېرىلىش يولىغا چۈشتى. پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدا ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشىنىڭ تەجرىبە-ساۋاقلىرى ئەستايىدىل يەكۈنلىنىپ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسەتنى راۋاجلاندۇرۇش لازىملىقى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ يېڭى دەۋردىكى ئاساسىي قاتلام دېموكراتىك سىياسەت قۇرۇلۇشى توغرىسىدا بىر قاتار مۇھىم يوليورۇقلارنى بەردى. پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 6-ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان «دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى پارتىيە تارىخىغا دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارار»دا: ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتىدە ۋە ئاساسىي قاتلامدىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا خەلقنىڭ بىۋاسىتە دېموكراتىيىسىنى پەيدىنپەي ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم، دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى. پارتىيە 12-قۇرۇلتىيىدىن بۇيانقى بىرنەچچە قېتىملىق پارتىيە قۇرۇلتايلىرىنىڭ ھەممىسى شەھەر-يېزىلارنىڭ ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيىسىنى راۋاجلاندۇرۇش، ئاساسىي

قاتلامدىكى دېموكراتىيە تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى تەكىتلىدى. 1988-يىلدىن باشلاپ، گوۋۇيۈەن ژۇڭلىسى بەرگەن «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات»لاردا، شۇنىڭدەك دۆلەتنىڭ 8-بەش يىللىق، 9-بەش يىللىق پىلانلىرىدا ئاساسىي قاتلام دېموكراتىك سىياسەت قۇرۇلۇشىنى ئالغا سۈرۈش توغرىسىدا ئېنىق تەلەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. 1982-يىلدىكى ئاساسىي قانۇندا شەھەر-يېزىلارنىڭ ئاساسىي قاتلىمىدا مەھەللە ئاھالىسىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشنى ۋە كەنت ئاھالىسىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشنى يولغا قويۇش، كارخانىلاردا ئىشچى-خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيىنى بارلىققا كەلتۈرۈش بەلگىلەندى. ئۇنىڭدىن كېيىن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئارقا-ئارقىدىن «كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدۇ)»، «مەھەللە ئاھالە كومىتېتىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى»، «ئومۇم خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرى قانۇنى» قاتارلىق قانۇنلارنى ئېلان قىلىپ، ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مەسىلىسى توغرىسىدا كونكرېت بەلگىلىمە چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىمۇ ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيىسىنى راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدا نۇرغۇن يەرلىك خاراكتېرلىك قانۇن-نىزاملارنى تۈزۈپ چىقتى ۋە ئېلان قىلدى.

ئاساسىي قاتلام سايلىمىنىڭ دېموكراتىيىلىشىش دەرىجىسى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلمەكتە. 80-يىللاردىن باشلاپ، مەملىكىتىمىزدە ناھىيە دەرىجىلىك ۋە يېزا دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىللىرى، سايلىغۇچىلارنىڭ بىۋاسىتە سايلىمى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلىدىغان بولدى. كارخانىلاردىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەر قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىللىرى سېخ-گۇرۇپپىنى ياكى ئۇچاستكىنى سايلام بىرلىكى قىلغان ھالدا، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ بىۋاسىتە سايلىمى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلىدۇ. يېزىلاردىكى كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ كادىرلىرى، شەھەرلەردىكى مەھەللە ئاھالە كومىتېتىنىڭ كادىرلىرى كەنت ئاھالىسى ۋە مەھەللە ئاھالىسىنىڭ بىۋاسىتە سايلىمى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلىدۇ. دېموكراتىك ئاساستىكى بىۋاسىتە سايلام ناھىيىلىك، يېزىلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىللىرىنى، كارخانىلاردىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەر قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىللىرىنى ۋە كەنت ئاھالە كومىتېتى، مەھەللە ئاھالە كومىتېتىنىڭ كادىرلىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشتىكى يېگانە قانۇنىي ئۇسۇل بولۇپ قالدى، شۇنداقلا ئاساسىي قاتلامدىكى ئاممىنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالدى. ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىش ۋە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ئارقىسىدا ئاساسىي قاتلامدىكى ھەر خىل شەكىلدىكى سايلام خىزمىتى بارغانسېرى قېلىپلاشماقتا، سايلامنىڭ سۈپىتى ۋە دېموكراتىيىلىشىش دەرىجىسىمۇ بارغانسېرى ئۆسمەكتە. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، نۇرغۇن جايلار كەنت ئاھالىسى بىرلىشىپ نامزات كۆرسىتىش، تەييارلىق سايلىمى ئارقىلىق رەسمىي نامزاتنى بېكىتىش؛ رىقابەت مېخانىزمىنى كىرگۈزۈپ، نامزاتلارنى سەھنىگە چىقىپ كەنتنى باشقۇرۇش لايىھىسىنى سۆزلەشكە، كەنت ئاھالىسىنىڭ قويغان سوئالىغا جاۋاب بېرىشكە تەكلىپ قىلىش؛ سايلىغۇچىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق-مەنپەئىتىنى قوغداش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، سايلىغۇچىلارنىڭ سايلامغا قاتنىشىش ئاكتىپلىقىنى قوزغىدى.

ئاساسىي قاتلامدىكى دېموكراتىك ئاساستا تەدبىر بەلگىلەش تۈزۈمى پەيدىنپەي ئومۇملاشماقتا. سانلىق مەلۇماتلارغا قارىغاندا، مەملىكەت بويىچە يېزىلاردىكى كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ 90 پىرسەنتى قەرەللىك

هالدا كەنت ئاھالە يىغىنىنى چاقىرىپ، كەنت ئاھالىسىگە ئۆز خىزمىتىدىن دوكلات بېرىدىكەن، 60% كەنتلەردە كەنت ئاھالە ۋەكىللىرى يىغىنى تۈزۈمى ئورنىتىلغان بولۇپ، كەنتنىڭ چوڭ ئىشلىرى، جۈملىدىن ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنى تۈزۈش، جامائەت پاراۋانلىق ئىشلىرىنى يولغا قويۇش، شۇنىڭدەك ئامما ئومۇميۈزلۈك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى كەنت ئاھالە يىغىنى ياكى كەنت ئاھالە ۋەكىللىرى يىغىنىنىڭ مۇزاكىرە قىلىپ قارار قىلىشىغا قويۇلىدىكەن. خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىكىنىڭ 1996-يىلى پۈتۈن مەملىكەت شەھەرلىرىدىكى مەھەللە ئاھالە كومىتېتى قۇرۇلۇشى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان نۇسخا ئېلىپ تەكشۈرۈشىدىن چىقىرىلغان ستاتىستىكىلىق مەلۇماتلار شۇنى كۆرسەتتىكى، تەكشۈرۈلگەن ھەر بىر مەھەللە ئاھالە كومىتېتى ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن مەھەللە ئاھالە يىغىنىنى 12.64 قېتىم چاقىرغان، تەكشۈرۈلگەن مەھەللە ئاھالىسىنىڭ 72.9 پىرسەنتى مەھەللە ئاھالە يىغىنىغا قاتناشقان، 44% مەھەللە ئاھالىسى مەھەللە ئاھالە يىغىنىغا دائىم قاتنىشالىغان؛ مەھەللە ئاھالە يىغىنى مەھەللە ئاھالىسىنىڭ ئۆزى تۇرۇشلۇق ئىجتىمائىي رايوننىڭ ئىجتىمائىي رايون مۇلازىمەتچىلىكى، جەمئىيەت ئامانلىقى، مۇھىت تازىلىقى، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى قاتارلىق مەسىلىلىرىنى مۇزاكىرە قىلىشى، تەتقىق قىلىشى ۋە بەلگىلىشىدىكى ئاساسىي شەكىل بولۇپ قالغان. كەنت ئاھالە يىغىنى ۋە مەھەللە ئاھالە يىغىنىنىڭ قارارى يىغىنغا قاتناشقان كەنت ئاھالىسى ۋە مەھەللە ئاھالىسىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىنلا كۈچكە ئىگە بولغان. شەھەر-يېزا ئاھالىسىنىڭ ئاساسىي قاتلامنىڭ ئىشلىرىنى دېموكراتىك ئاساستا بەلگىلىشى مەھەللە ئاھالىسى ۋە كەنت ئاھالىسىنىڭ ئۆز يېنىدىكى ئىشلارغا قاتنىشىش دەرىجىسىنى ئاشۇرۇپلا قالماستىن، جۈملىدىن ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ ئامما بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاپلا قالماستىن، بەلكى تەدبىر بەلگىلەشتىكى سەۋەنلىكنى ئازايتىپ ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، تەدبىر بەلگىلەشتىكى ئىلمىيلىقنى يۇقىرى كۆتۈرگەن.

ئاساسىي قاتلامدىكى دېموكراتىك باشقۇرۇش خىزمىتىدە مىسلى كۆرۈلۈپ باقمىغان تەرەققىيات بولدى. يېزا ئاساسىي قاتلاملىرىدىكى دېموكراتىك باشقۇرۇش ئاساسەن مۇنداق ئىككى جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ: بىرىنچىدىن، كەنت ئاھالە يىغىنى ياكى كەنت ئاھالە ۋەكىللىرى يىغىنى ئارقىلىق، كەنت ئاھالىسىنىڭ كەنت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش توغرىسىدا پىكىر بايان قىلىپ، باشقۇرۇشقا بىۋاسىتە قاتنىشىشىغا شارائىت يارىتىپ بېرىش؛ ئىككىنچىدىن، كەنت ئاھالىسىنىڭ كەنت قائىدىسى، خەلق ئەھدىنامىسى ياكى كەنت ئاھالىسىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش نىزامنامىسىنى دېموكراتىك ئاساستا تۈزۈپ چىقىشى ئارقىلىق كۈندىلىك ئىشلارنى باشقۇرۇش. كەنت قائىدىسى ۋە خەلق ئەھدىنامىسى ئومۇمەن مەلۇم گەۋدىلىك مەسىلە، مەسىلەن ئامانلىقنى ساقلاش، ئورماننى مۇھاپىزەت قىلىش، ئوت ئاپىتىدىن ساقلىنىش قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا تۈزۈلگەن قائىدىلەردۇر. كەنت ئاھالىسىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش نىزامنامىسىنىڭ مەزمۇنى بىرقەدەر كەڭ بولۇپ، ئومۇمەن كەنت ئاھالە تەشكىلاتلىرى، ئىقتىساد باشقۇرۇش، جەمئىيەت تەرتىپى قاتارلىق جەھەتلەردىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھازىر، پۈتۈن مەملىكەت يېزىلىرىدىكى مۇتلەق كۆپ سانلىق كەنتلەردە كەنت قائىدىسى ۋە خەلق ئەھدىنامىسى تۈزۈپ چىقىلدى، كەنتلەرنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىدا كەنت

ئاھالىسىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش نىزامنامىسى تۈزۈپ چىقىلدى. شەھەرلەردىكى مەھەللە ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ 85 پىرسەنتىدە دېموكراتىيە تەرتىپى ئارقىلىق ئىجتىمائىي رايوننىڭ ئورتاق مەنپەئىتىنى قوغدايدىغان مەھەللە ئاھالە ئەھدىنامىسى تۈزۈپ چىقىلدى، مەھەللە ئاھالە ئەھدىنامىلىرىنىڭ 97.7 پىرسەنتى قاراشلىق رايونلاردىكى ئاھالەت ئىچىدە ئىزچىللاشتۇرۇلدى ياكى ئاساسىي جەھەتتىن ئىزچىللاشتۇرۇلدى. كارخانىلار ۋە كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيىنى ئاساسىي شەكىل قىلغان ھالدا دېموكراتىك باشقۇرۇشقا قاتنىشىش سىستېمىسى پەيدىنپەي شەكىللەنمەكتە.

ئاساسىي قاتلامدىكى دېموكراتىك نازارەتچىلىك قىلىش خىزمىتى پۇختا قەدەم بىلەن ئالغا سۈرۈلدى. يېزىلاردا كەنت ئىشلىرىنى بولۇپمۇ مالىيە ئىشلىرىنى ئاشكارا تۇتۇش-تۇتماسلىق ئىزچىل تۈردە يېزىلاردىكى قىزىق نۇقتىلىق مەسىلە بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. 80-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن بۇيان، نۇرغۇن جايلار كەنت ئىشلىرىنى ئاشكارا تۇتۇشنى يولغا قويدى. يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيان، خېبېي، خېنەن، خۇنەن قاتارلىق جايلار يەنە كەنت ئىشلىرىنى ئاشكارا تۇتۇش سالمىقىنى ئاشۇردى، كەنت ئاھالىسىنىڭ مەنپەئىتىگە بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولغانلىكى ئىشلارنى، مەسلەن مالىيە كىرىم-چىقىم ئەھۋالى، ئۆي سېلىشقا كېرەكلىك يەرنى تەستىقلاش ئەھۋالى، پىلانلىق تۇغۇت كۆرسەتكۈچى، دېھقانلارنىڭ زىممىسىگە چۈشكەن يۈك ئەھۋالى شۇنىڭدەك كەنت كادىرلىرىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتىدىكى نىشانلىق مەسئۇلىيەت تۈزۈمى قاتارلىقلارنى كەنت ئىشلىرى ئېلانى ياكى قەرەللىك ھالدا كەنت ئاھالە ۋەكىللىرى يىغىنىنى چاقىرىش شەكلى ئارقىلىق ئۆز ۋاقتىدا كەنت ئاھالىسىگە ئېلان قىلىپ، كەڭ كەنت ئاھالىسىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىدىغان بولدى. نۇرغۇن جايلار كەنت ئىشلىرىنى ئاشكارا تۇتۇش ئىشىنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئىزدىنىش ئارقىلىق يېزا-بازارلارنىڭ سىياسىي ئىشلىرىنى ئاشكارا تۇتۇش، ئىش بېجىرىش تۈزۈمىنى ئاشكارا تۇتۇش جەھەتلەردىمۇ تەجرىبىلەرنى ياراتتى. كارخانىلاردا ئىشچى-خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى دېموكراتىك نازارەتچىلىك قىلىش رولىنى بىرقەدەر ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، كارخانىلاردىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنى دېموكراتىك ئاساستا باھالاش ئىشىنى يولغا قويدى.

كۆپلىگەن پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشى خەلق ئاممىسىنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولىدىغان خوجايىنلىق مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ سوتسىيالىزم قۇرۇشتىكى ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادكارلىقىنى قوزغاشقا، جەمئىيەتتىكى تۇرلۇك زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىپ، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە، پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ، كادىرلار بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرۇپ، ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ جەڭگىۋارلىقى ۋە ئۇيۇشقاقلىقىنى ئۆستۈرۈشكە، كادىرلار ئۈستىدىن نازارەتچىلىك قىلىپ، چىرىكلىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا، شەھەر-يېزا ئاساسىي قاتلاملىرىدا ئاممىۋى خاراكتېرلىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشقا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلارغا مۇھىم تەسىر كۆرسەتتى.

## (3)

سوتسيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئەسىر ھالقىيدىغان تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، بىز تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش شەرتى ئاستىدا، خەلق ئاممىسى بىلەن ئەڭ بىۋاستە، كەڭ ۋە دائىم باغلىنىشلىق بولۇپ تۇرغان ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيىسىنى ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندۇرۇشىمىز لازىم.

ئاساسىي قاتلامدىكى دېموكراتىك سايلام تۈزۈمىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. ناھىيىلىك، يېزىلىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ نامزاتلىرىنى، كەنت ئاھالە كومىتېتى ۋە مەھەللە ئاھالە كومىتېتى كادىرلىرىنىڭ نامزاتلىرىنى، ئىشچى-خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ نامزاتلىرىنى كۆرسىتىش ئۇسۇلى ۋە تەرتىپىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، نامزاتلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش ئۇسۇلىنى قېلىپلاشتۇرۇش لازىم. سايلامدا دېموكراتىيىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، نامزاتنى ئارتۇق بەلگىلەش، بىۋاستە سايلاش، يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش ئۇسۇلىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش كېرەك. بولۇپمۇ شەھەر-يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ رەھبەرلىرىنى سايلاشتا، سايلام خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش ئورگانلىرىنى بەرپا قىلىش، سايلام خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان خادىملارنى تەربىيىلەش، سايلام خىزمىتىنىڭ ئېلىپ بېرىلىش دەرىجىسىنى ۋاقتىدا ئىگەللەش، سايلام نەتىجىسىنى ۋاقتىدا ئېلان قىلىش، خۇلاسىلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، ھەقىقىي تۈردە سىياسىي ئىدىيىسى ياخشى، ئىش بېجىرىشتا ئادىل، ئىسلاھات ئېڭى كۈچلۈك، ئامما ئارىسىدا ئىناۋىتى يۇقىرى، دېموكراتىك ئىستىلى ياخشى ئادەملەرنى سايلاپ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىلىرىگە كىرگۈزۈش كېرەك. سايلامدا كۆرۈلگەن ئۇرۇقداشلىق كۈچلىرى توسقۇنلۇق قىلىش، ساختىپەزلىك قىلىش، سايلىغۇچىلارغا پارا بېرىش قاتارلىق سايلامغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ھەرىكەت ۋە ناچار خاھىشلارنى قەتئىي توسۇپ ۋە تۈزىتىپ، خەلقنىڭ دېموكراتىيە ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈش لازىم.

ئاساسىي قاتلامدىكى دېموكراتىك ئاساستا تەدبىر بەلگىلەش تۈزۈمىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ قانۇن بويىچە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. يېزا-بازار مەمۇرىي رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادى، مەدەنىيەت ئىشلىرى ۋە جامائەت ئىشلىرىنىڭ قۇرۇلۇش پىلانىنى تۈزۈش، مالىيە خام چوتى، نەق چوتى ئەھۋالى، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ نامزاتلىرىنى بېكىتىش شۇنىڭدەك خەلق ئاممىسىنىڭ ئورتاق مەنپەئىتىگە تاقىلىدىغان باشقا مەسىلىلەرنى يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ مۇزاكىرە قىلىپ قارار قىلىشىغا قويۇش لازىم. شەھەر-يېزىلاردىكى مەھەللە ئاھالە يىغىنى، كەنت ئاھالە يىغىنى تۈزۈمىنى ۋە مەھەللە ئاھالە ۋەكىللىرى يىغىنى، كەنت ئاھالە ۋەكىللىرى يىغىنى تۈزۈمىنى ئومۇميۈز-

لۆك كېڭەيتىش ۋە مۇستەھكەملەش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇش كېرەك. بۇ تۈزۈملەر ئورنىتىلمىغان جايلاردا، ئاساسىي قاتلامنىڭ تېزدىن ئورنىتىشىغا ھەيدەكچىلىك ۋە يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك؛ ئورنىتىلغان بولسا، ئۇنىڭ رولىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرۇش، شەكىللىۋازلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش، مەھەللە ئاھالىسى ۋە كەنت ئاھالىسىنىڭ تەدبىر بەلگىلەش ۋە باشقۇرۇش ئىشلىرىغا قاتنىشىش ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈش لازىم. ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرگەن ھالدا، مەھەللە ئاھالىسى ۋە كەنت ئاھالىسىنىڭ ۋەكىللىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش ئۇسۇلىنى ھەم ئۇلارنىڭ مەسئۇلىيىتىنى تەتقىق قىلىپ بەلگىلەش، مەھەللە ئاھالە ۋەكىللىرى يىغىنى ۋە كەنت ئاھالە ۋەكىللىرى يىغىنىنىڭ قارار قىلىدىغان ئىشلىرىنىڭ مەزمۇنىنى مۇۋاپىق بەلگىلەش، تەدبىر بەلگىلەش تەرتىپى ۋە پرىنسىپىنى قېلىپلاشتۇرۇش، مەھەللە ئاھالە ۋەكىللىرى يىغىنى ۋە كەنت ئاھالە ۋەكىللىرى يىغىنىنىڭ كاپالەتلەندۈرۈش ۋە چەكلەش مېخانىزمىنى ساغلاملاشتۇرۇش كېرەك.

ئاساسىي قاتلامدىكى دېموكراتىك باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. كارخانىلار ۋە كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى دېموكراتىك باشقۇرۇش جەھەتتىكى بەش تۈرلۈك ھوقۇقىنى داۋاملىق ھالدا قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشى لازىم، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كارخانا تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدىكى يېڭى ئەھۋاللارغا بىرلەشتۈرۈپ، پاي تۈزۈمىدىكى كارخانىلاردا ۋە ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان كارخانىلاردا ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ دېموكراتىك ئاساستا قاتنىشىشى، دېموكراتىك باشقۇرۇشنىڭ يېڭى يولى، يېڭى ئۇسۇلىنى ئىزدەپ تېپىش ۋە خۇلاسىلەش لازىم. شەھەر-يېزا ئاساسىي قاتلاملىرىدىكى مەھەللە ئاھالە كومىتېتى، كەنت ئاھالە كومىتېتى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مەھەللە ئاھالە ئەھدىنامىسىنى، كەنت قائىدىسى، خەلق ئەھدىنامىسىنى، كەنت ئاھالىسىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش نىزامنامىسىنى ئومۇملاشتۇرۇشنى ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى سۈپىتىدە تۇتۇشى لازىم. تەدرىجىي ھالدا بارلىق مەھەللە ئاھالە كومىتېتى ۋە كەنت ئاھالە كومىتېتىنى دۆلەتنىڭ قانۇنى، نىزامى ۋە سىياسەتلىرى بويىچە ھەمدە ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرگەن ھالدا، مەھەللە ئاھالىسى، كەنت ئاھالىسى ھەل قىلىشنى جىددىي تەلەپ قىلىۋاتقان مەسىلىلەرنى چىقىش قىلىپ، دېموكراتىك ئاساستا قائىدە-نىزاملارنى تۈزۈپ چىقىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، كادىرلارنىڭ ۋە ئاممىنىڭ ھەرىكىتىنى قائىدىگە سېلىش لازىم. مەدەنىي ئائىلە، ئون يۇلتۇز دەرىجىلىك مەدەنىي ئائىلە، مەدەنىي ئىجتىمائىي رايون ۋە بىنخەتەر، مەدەنىي مەھەللە رايونىنى بەرپا قىلىش قاتارلىق ئاممىۋى خاراكتېرلىك پائالىيەتلەرنى پائال قانات يايدۇرۇپ، مەدەنىي، ئىناق، خاتىرجەم بولغان ئىجتىمائىي تۇرمۇش مۇھىتىنى ھەقىقىي تۈردە شەكىللەندۈرۈش لازىم.

ئاساسىي قاتلامدىكى دېموكراتىك نازارەتچىلىك قىلىش تۈزۈمىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. شەھەر-يېزىلاردىكى ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت ئورگانلىرى سىياسىي ئىشلارنى ئاشكارا تۇتۇش تۈزۈمىنى تەدرىجىي ھالدا ئورنىتىپ، خەلق ئاممىسى ئومۇمىيۈزلۈك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەرنى ئاممىغا ئېلان قىلىپ، ئاممىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك. شەھەرلەردىكى مەھەللە ئاھالە كومىتېتى ئاھالىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش پرىنسىپى بويىچە، ئۆزى قاراشلىق ئورۇننىڭ ۋە

مەھەللە ئاھالىسىنىڭ نازارىتىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىشى، مەھەللە ئاھالىسىنى ئىجتىمائىي رايوننىڭ پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىشقا پائال ئۇيۇشتۇرۇپ ۋە سەپەرۋەر قىلىپ، مەھەللە ئاھالىسىنى پائالىيەتكە قاتنىشىش داۋامىدا دېموكراتىك باشقۇرۇشنى، دېموكراتىك نازارەتچىلىك قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىش، پائالىيەتكە قاتنىشىش داۋامىدا ئۆز ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، مەھەللە ئاھالە كومىتېتىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇش، ئۆزىنى ئۆزى تەربىيىلەش، ئۆزىگە ئۆزى خىزمەت قىلىش رولىنى ھەقىقىي تۈردە ئەمەلگە ئاشۇرۇشى لازىم. ئالدىنقى بىرنەچچە يىلدىكى كەنت ئىشلىرىنى ئاشكارا تۇتۇش تەجرىبىلىرىنى خۇلاسىلەپ ئومۇملاشتۇرۇش ئاساسىدا، كەنت ئىشلىرىنى ئاشكارا تۇتۇش تۈزۈمىنى يەنىمۇ قېلىپلاشتۇرۇپ، ئاشكارا تۇتۇشتىكى مەزمۇن، تەرتىپ، ۋاقىت، بازا، باشقۇرۇش قاتارلىقلارنى قېلىپقا سېلىش، خەلق ئاممىسىنى رازى قىلىش كېرەك. ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنىڭ سىياسىي ئىشلارنى ئاشكارا تۇتۇشقا ۋە ئاممىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىدىغان تەشكىلاتلىرىنىڭ مەھەللە ئىشلىرىنى، كەنت ئىشلىرىنى ئاشكارا تۇتۇشقا ھەم مالىيە ئىشلىرىنى ئاشكارا تۇتۇشقا دائىر يۈرۈشلەشكەن قۇرۇلۇش تەجرىبىلىرىنى پائال يەكۈنلەش لازىم.

ئاساسىي قاتلام دېموكراتىك سىياسەت قۇرۇلۇشىغا بولغان رەھبەرلىك ۋە يېتەكچىلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىش لازىم. ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيىسىنى تۇتۇشتا قۇرۇلۇشنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇش لازىم. مەملىكىتىمىزنىڭ ئاھالىسى كۆپ، رايونلار ئارا تەرەققىيات تەكشىسىز بولغان شارائىتتا، ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيىسىنى راۋاجلاندۇرۇش، خەلقنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇشىنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇش خېلىلا مۇشكۇل ۋەزىپىدۇر. شۇڭا، دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىنى ۋە جايلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتۇپ، بۇ ئىشنى پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە، تەرتىپلىك، قەدەم-باسقۇچلۇق ھالدا ئېلىپ بېرىش لازىم. بىز ئەمەلىيەت داۋامىدا ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيىسىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ قانۇنىيىتى ئۈستىدە ئاكتىپ ئىزدىنىپ، ئاساسىي قاتلامدىكى خەلق ئاممىسىنىڭ دېموكراتىيە ھوقۇقىنى بىۋاستە يۈرگۈزۈشكە پايدىلىق بولغان بارلىق يېڭى ئۇسۇللارغا مەدەت بېرىشىمىز ۋە ئۇنى تەشەببۇس قىلىشىمىز كېرەك. ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيىسىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئائىت بولغان قانۇن، نىزاملارنى پائال بەرپا قىلىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قانۇن ئارقىلىق ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيە تۈزۈمىنىڭ يۈرگۈزۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيىسىنى راۋاجلاندۇرۇشنى پارتىيىنىڭ تۈرلۈك فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش بىلەن، ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش، جەمئىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇش بىلەن، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بىلەن ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈش لازىم.

**(ئاپتورلار: جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى سىياسەت ئىلمى تەتقىقات ئورنى ۋە خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىكى ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشى مەھكىمىسىدىن)**

**تەرجىمە قىلغۇچى: ئەركىنجان**

**مەسئۇل مۇھەررىر: تۇرسۇن رەھىم**

ISSN 1006-5857

04>

9 771006 585006

《求是文选》(维吾尔文版)国外代号:M5－V　刊号:$\frac{\text{ISSN1006－5857}}{\text{CN11－2498/D}}$

邮发代号:2－373　定价:2.40元　邮政编码 100013